ئەخمەت ئىگەمبەردى



# شەرقىي تۈركىستان

## تۈرك دۇنياسىنىڭ قانلىق يارىسى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئەخمەت ئىگەمبەردى

# شەرقىي تۈركىستان
# تۈرك دۇنياسىنىڭ قانلىق يارىسى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

تارقىتىش ئورنى
Yenidogan Mh. 41 Sok. No. 7/ 4
Zeytinburnu - ISTANBUL
Tel Fax 00 90 0212 6790370

2000 - يىل - ئىستانبۇل

# مۇندەرىجە


مۇئەللىپتىن ........................................ 1

شائىر ۋە پوبلىتسىت ........................................ 3

ئەسلى نەسلىمىز بىر ........................................ 8

غەربىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلارغا ئوچۇق خەت ......... 15

شەرقىي تۈركىستان داۋاسى - ھۆر - ئەركىنلىك، ھەق - ئادالەت داۋاسىدۇر ........................................ 32

شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى ۋە تۈركىستان خەلقئارالىق مىللى كېڭىشى ھەققىدە مېنىڭ دەسلەپكى كۆز قارىشىم ........ 49

ئاۋۇستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتى ........................ 74

غەربىي تۈركىستان خەلقى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئېرىشتى، نۆۋەت ئەمدى شەرقىي تۈركىستاندا ........................ 79

ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش ........................ 83

بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى 4 - قېتىملىق خەلقئارا ئاياللار كونفېرېنسىيەسىنىڭ رەئىسى گېرترۇدامۇنگىللا جانابلىرىغا مەكتۇپ........................ 86

ئاۋۇستىرالىيە تۈركىستان مىللى مەكتىۋى ........................ 89

شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ يېڭى باھارى ...... 93

شەرقى تۈركىستان ـ خىتاي كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىنىڭ قانلىق
زىندانى ........................................ 129
ئاۋۇستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارادىكى شەرقى
تۈركىستانلىق قېرىنداشلارغا مۇراجىئىتى .............. 139
6 ـ قېتىملىق تۈرك دۆلەتلىرى ۋە توپلۇلۇقلىرى قۇرۇلتىيىدا
سۆزلەنگەن دوكلات: «شەرقى تۈركىستان تۈرك دۇنياسىنىڭ قانلىق
يارىسى» ........................................ 144
بىرلەشمىسەك كېلىچەك ئەۋلاد بىزنى كەچۈرمەيدۇ................ 155
ۋاڭلوچۋەنگە رەددىيە ........................... 165

# مۇئەللىپتىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچە، قەلبى ئاسىياغا جايلاشقان، 1.824.218 چاسا كىلو مېتىرلىق تۇپراققا، 25 مىليونلۇق نوپۇسقا ئىگە، كوممۇنىست خىتاي ئاسارىتى ئاستىدىكى سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز — شەرقىي تۈركىستانغا بېغىشلاندى.

ئەسلىدە شەرقىي يۈركىستان خەلقى مۇشۇئەسىرنىڭ 1933 - ۋە 1944 - يىللىرىدىلا يۈزمىڭلاپ قۇربانلار بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىككى قېتىملىق مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇپ، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىگە چىقىشقا باشلىغان ئىدى. لېكىن خەلقئارادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي غەرەز، مەنپەئەت كۆزەشلىرىنىڭ قوربانى بولۇپ، بۇسەھنىدىن مەجبۇرى چۈشۈرۈۋېتىلدى. 1949 - يىلدىكى كوممۇنىست خىتاي ئىستىلاسىدىن كېيىن بېجىن ماركىلىق قىزىل ئىمپىرىيە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى شىنجاڭ ئاتالمىش بۇ ۋەيلۇن دۇزاخقا نەزەربەن قىلىپ، ئۇنى پۈتۈن دۇنيادىن يوشۇرۇپ، تارىخىمىزنى بورمىلاپ، يالغان تارىخ يېزىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مىللىتىمىزنى دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇپ، خەلقىمىزگە 50 يىلدىن بۇيان يوقۇتۇش سىياسىتىنى قوللاندى...

« كۈننى ئىتە كىتە ياپقىلى بولمىغىنىدەك » بېجىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ خەلقئارالىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دېگەن ئەخمىقانە، جاللاتلىق پىلانلىرى بىت - چىت بولۇپ،

# شائىر ۋە پوبلىتسىت

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى ۋە ئىلغار پىشقەدەم پوبلىتسىت تەخمەت ئىگەمبەردى ئىنجادى 1937 ـ يىلى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قاراشلىق بەشبالىق ناھىيىسىدە دېھقان چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلدى .

ئۇ 1952 ـ يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆزى ئۈچ (3) يىل بۇرۇن ئوقۇپ چىققان ئۈرۈمچى غەربىي ئۇستەڭ ( ھازىرقى بەشىنجى باشلانغۇچ ) ـ مەكتىۋىدە بىر يىل بالا مۇئەللىم بولغان.

1953 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە شەرقىي تۈركىستان ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل ــ ئەدەبىيات فاكولتېتىنى ئوقۇپ پۈتتۈرۈپ، ئىنىستىتۇتتا ئوقۇتقۇچىلىققا تاللىنىپ قېلىپ، 2 ـ يىلى تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنۇنى تىل ــ ئەدەبىيات فاكولتېتى ژورنالىستكا بۆلۈمىگە ئوقۇشقا ئىۋەتىلدى. 1961 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، ۋەتەنگە قايتىپ، يازغۇچىلار ۋە فولكلور جەمئىيەتلىرىنىڭ « تارىم » ۋە « مىراس » ژورناللىرىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلىدى .

شائىر 1 ـ شىبىرىنى ئۈرۈمچى 2 ــ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ سىنىپلىرىدىن يېزىشقا باشلاپ، 54 ـ يىلى بىرىنجى شېئىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ دەسلەپكى ژورنالىستلىق پائالىيتى تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىنكى زاۋۇت ـ فابرىكىلارغا بېرىپ، پاراكتىكا جەريانىدا يازغان ئوچشاق ـ ئوچشاق ماقالە ۋە خەۋەرلىرىدىن باشلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ژورنالىستلىق ھاياتىغا تەسىر قىلغان مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بىرسى، 1959 ــ يىلى 7 ــ ئايدا 3 ــ كۈرۈشنى ئۆتكۈزۈپ، ساۋاقداشلىرى دولقۇن ياسىن، ھەبىبۇللا يونۇسلار بىلەن « شىنجاڭ » گېزىتىگە بىر ئايلىق پاراكتىكىغا كېلىپ، يازغان دەسلەپكى ئىككىنجى ماقالىسى 1959 ـ يىلى سىنتەبىردە « شىنجاڭ گېزىتى

ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تۆكۈلگەن يۈزمىڭلىغان شېھىتلەرنىڭ مۇبارەك قانلىرى بەدىلىگە بۈگۈن پۈتۈن دۇنياغا تونۇلۇشقا باشلىدى. خەلقئارالىق كەچۈرۈم تەشكىلاتى بۇيىل 25 - ئاپرىل كۈنى 92 بەتلىك شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنى ئېغىر دەپسەندە قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئومۇمى دوكىلاتنى دۇنياغا تارقاتتى. بىز خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بۇ جەسۇرانە، ئادىل ھەركىتىنى چىن كۆڭلىمىزدىن قارشى ئالىمىز ھەم قوللايمىز.

شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ - مەنزىلى ئۇزۇن، سەپىرى مۇشكۈل، ئىستىقبالى پارلاق. بىز بۇ ئۇلۇغ داۋايىمىزنى يەنىلا ھەم قەلەم، ھەم ئەلەم كۆرىشى بىلەن مەڭگۇ داۋاملاشتۇرىشىمىز كېرەك. قاچانكى بىزنىڭ داۋايىمىز دۇنياغا تولۇق ئاڭلانغان كۈنى، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تاڭغان مۇستەملىكچىلىك، قۇللۇق توزاقلىرى پارە - پارە بولىدۇ، ئىنشائاللاھ. ھەممىمىز شۇ كۈننى تېزراق كۈتۈپ ئېلىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلايلى!

ئاخىرىدا، بۇ تويلامىنىڭ يورۇق كۆرىشىدە ماددى ۋە مەنىۋى ياردەمدە بولغان ۋەتەندىشىم مۆھتەرەم ئابدۇلقادىر ھاجىم ئەھمەد ئاكىغا تۆگىمەس رەھمەتلىرىمىنى ئېيتىمەن.

ئەخمەت ئىگەمبەردى

1999 - يىلى 21 - سىنتەبىر

لىۋېرپۇل - سىدنىي

ئىلىندى. 1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتى 10 يىللىق مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا مىلىيونلىغان كادىرلارنى ئابۆت قىلغانلىق سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن كادىرلار بوھرانىدىن ئالىرىنىمۇ تۈرمىدىن بوشۇتۇپ، خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. لېكىن خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئاچچىق ھايات كەچۈرمىشلىرى ۋە مەزلۇم ۋەتىنىنىڭ پاجىئەلىك قىسمەتلىرىدە كۆرگەن شائىر، 1985 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن ئاۋستىرالىيەگە كۆچۈپ چىقىپ كەتتى. شائىر ۋەتىنىدىن جىسمانەن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەتىنىگە ساداقىتى يېڭىدىن ـ يېڭى كۈرەش قايناملىرىغا باشلايدۇ .

ئۇ ئاۋستىرالىيەنىڭ ئەركىن دېموكراتىك تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەنداشلارنى تەشكىللەپ، « تۈركىستان جەمىيىتى » نى قۇرۇپ، جەمىيەتنى قۇرغۇچى رەئىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ئىشلەپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى يىراق ئاۋستىرالىيەدە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ .

شائىر ۋە پوبلىتسىست ئەخمەت ئىگەمبەردى ئىجادى 1992 ـ يىلى ئىستانبولدا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللى قۇرۇلتىيىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللى كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغان .

ئۇ 1996 ـ يىلى ئىستانبولدا ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ھەم 1998 ـ يىلى تۈركىيە بۇرسادا ئۆتكۈزۈلگەن 6 ـ قېتىملىق تۈرك دۆلەت، جامائەتچىلىكلىرى دوستلۇق، قېرىنداشلىق قۇرۇلتىيى قاتارلىق يىغىنلارنىڭ ئىشتىراكچىسى. شائىر ۋە پوبلىتسىست ئەخمەت ئىگەمبەردى كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسەتلىرىگە قارشى بىرىنچىدىن ـ ئاۋستىرالىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى تەشكىللەپ ھەرخىل نامايىش، يىغىن، ئەمەلى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارسا، ئىككىنچىدىن ئۇ ژۇرنالىستكانىڭ ئەڭ ئۆتكۈر قورالى بولغان پوبلىتسىستكانىڭ سىياسى ۋە ئىجتىمائى مەزمۇنغا باي، ھازىر

» ده ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن گويا « ئالتۇن ئۈزۈككە  ياقۇت كۆز » ياراشقاندەك ئۇنىڭ ياش شائىرلىق جىسمىدە ژورنالىستلىق ئالاھىدىلىكىمۇ ئۇرغۇپ ئۇرغانلىقى كەڭ جامائەتچىلىككە ئايان بولىدۇ. بىر ئايلىق پاراكتىكا ئۆگەپ، ياش ژورنالىستلارنى ئۇزۇتۇش يىغىنىدا شۇ چاغدىكى گېزىتخانىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋى ۋەتەنپەرۋەر ئوغلى، ئاتاغلىق ـ ژورنالىست، ئۇلۇغ شېھىد توختى قۇربان ئۈچ ياشنىڭ ژورنالىستىكا ساھەسىدىكى ئاجايىپ قابىلىيەتلىرىنىڭ بىخ ئۇرۇپ كۆكلەۋاتقانلىقىنى، ئىرىشسا كەلگۈسىدە خەلققە ئاتلىق مېۋە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارغا ئاق يول تىلەيدۇ . ئەشۇ ۋاقىتلەر ياش شائىر ھەم ژورنالىستقا قەتئىي ئىشەنچ، ئۆگۈمەس كۈچ ـ غەيرەت، ئىلھام بېغىشلايدۇ .

61 ـــ يىلى تاشكەنتتىكى ئوقۇشىنى ئۆگۈتۈپ، ژورنالىست مۇتەخەسسىلىكىنىڭ ئەلا دىپلومىنى قولىغا ئالغان شائىر : « ئاز تولا خەلقىمگە خىزمەت قىلارمەن » دېگەن ئىزگۈ ئۈمىت بىلەن ۋەتىنىگە قايتقان ئىدى . لېكىن ئۇنى كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكچىلىك سىياسىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە كەلتۈرگەن قارا قىسمەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كۈتۈۋالدى ...

ئۇ 1958 ـ يىلىلا تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا « يەرلىك مىللەتچى » دەپ كۆرەشكە ئېلىنغان بولسا، 61 ـ يىلى تاشكەنتتە 33 ساۋاقدىشى بىلەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋەتىنىدىكى زورلۇق ـــ زومبۇلۇقلىرىنى پاش قىلىپ، موسكۋاغا « ئوچۇق خەت » يېزىشقا جاسارەت قىلغان شائىرنىڭ 1963 ـ يىلى يېزىش ھوقۇقى ئېلىپ تاشلىنىپ، 1964 ـ يىلى يېزىغا سۈرگۈن قىلىندى. 1966 ـ يىلى يۇقىرىدىكى « جىنايەتلىرى » ئۈچۈن « ئەكسىلئىنقىلاپچى »، « چەتئەلگە باغلانغان ئونسۇر » دەپ، رەسمەن قالپاق كېيگۈزۈلۈپ، جازالاندى. 1969 ـ يىلدىكى قانلىق ئېرروردا قولغا ئېلىنىپ، 10 يىلدىن ئوشۇق خىتاي زىندانلىرىدا قىيىن ـ قىستاقتا

لەگەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا، كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسى كۈچلۈنۈپ بۈگۈنكى ھالدا يېتىپ، ئاتوم قۇراللىرىغا ئىگە بولۇپ، دۇنيا ئىنچلىقىغا تەھدىد سالالمىغان بولاتتى. بۈگۈن تېرىسىگە پاتماي قۇتراۋاتقان بۇ قىزىل ئىمپېرىيە دۇنيا خوجايىنلىقىنى تالىشىپ، دۇنياغا ئوت ئاچماقچى بولۇۋاتىدۇ . سوۋېت ئىمپېرىيىسى غۇلاپ، 10 يىلدىن كېيىن دۇنياغا تەھدىد بولۇپ تۇيۇلىۋاتقان بۇ قارا كۈچنى دۇنيا ئاستا ـ ئاستا چۈشۈنۈپ يەتتى. دۇنيا بۇ ياۋۇز ئىمپېرىيەگە مۇۋاپىق جاۋاپ بېرىشى كېرەك. بۇ دەۋرنىڭ ئەلۋى ھەم دۇنيانىڭ مۇقەررەر يېڭى يۈزلىنىشى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ سىرتقا بولغان كېڭەيمىچىلىك ھەم ئاجاۋۇزىنى توسىدۇ . خالاس !

ئىنشائاللاھ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى مەركىزى ئاسىيا ۋە دۇنيا ئىنچلىقى ۋە ئامانلىقىغا قوشۇلغان زور تۆھپە بولىدۇ.

ئابدۇلجېلىل تۇران .

جاۋاپ، پاش قىلىش روھى كۈچلۈك بولۇشتەك ئەۋزەللىكلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىدۇ .

ئۇ 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن ھازىرغا قەدەر 100 گە يېقىن چوڭ ـ كىچىك ھەرخىل ماقالىلەرنى يازدى. قولىڭىزدىكى بۇ توپلامغا پىشقەدەم ژۇرنالىستنىڭ تاللانغان، ۋەكىللىك خارەكتېرگە ئىگە بىر قىسىم ماقالىلىرىنى كىرگۈزدۇق . بۇ ماقالىلاردا قەلبى ئاسىياغا جايلاشقان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىرى، بولۇپمۇ 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شەرقىي تۈركىستاننى قانۇنسىز بېسىپ ئالغان كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ 50 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزگەن دۆلەت تېررور سىياستىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايى ـ ئاپەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئەمىلى مسال، ئۆتكۈر تىل، كۈچلۈك مەنتىقىلەردە پاش قىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا ئەرز شىكايەت قىلىدۇ. ئۇ ماقالىلىرىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئاسىيادىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇننى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزىلىۋاتقان بۇ مۇستەملىكىچىلىك سىياستىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قېرىنداش ۋە چېگرىداش غەربىي تۈركىستاندىكى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىگىمۇ قىلىنغان ئاجاۋۇز ئىكەنلىكىنى تارىخى ۋە رىئال ھايات پاكىتلىرى بىلەن كۆرسۈتۈپ، غەربىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلارنى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتالمىش تۈرك دۇنياسىنىڭ بۇ قانلىق يارىسىنىڭ دەردىگە داۋا ئىزدەپ، ئۇنى داۋالاشقا چاقىرىدۇ .

ھەقىقەتەنمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسى ـ يالغۇزغىنە شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئوچىقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا چېگراداش يېقىندىن مۇستەقىللىق ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى، شەرقىي ياۋروپا ۋە دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك مەسىلىدۇر .

ئەڭ ئالدى بىلەن « شالقار » نىڭ تىلى ئوقۇشلۇشقا باشلىدى . قازاق تىلىنىڭ شۇنچىلىك باي، شۇنچىلىك گۈزەل بولۇشىغا قارىماي، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كەلسە ــ كەلمەس چەتئەل تىللىرىنى سۆزلەرگە مەجبۇرى قوشۇۋالاتتى، هازىر قىلىپلاشقان كۆچۈرمە سۆزلەرنىڭ ئورنىغا قازاقنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق سۆزلىرىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ، هەتتا هەر ــ بىر ئاينىڭ ئاتلىرىنىمۇ قازاقچە ئاتاشقا باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە « شالقار » دا بۇرۇن ئىچىپ ئىيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان فىلوسوفىيە، تارىخ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھاسىدە يېڭى ـ يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا . بۇرۇن قازاق ئەدەبىياتى ھەققىدە سۆز بولسا پەقەتلا ئىبراي ئالتىنسارىن بىلەن ئابايدىنلا سۆز ئېچىلاتتى، قىزىق يېرى شۇكى، شۇنچە كەڭ ئوپراقنا جايلاشقان خەلق قازاق دەپ نام ئالغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ ئاتا بوۋىلىرى بۇ زېمىندا ھايات كەچۈرمىگەنمىدۇ؟ مىڭلىغان يىللىق تارىخى بار تۈزك قەۋمدىن چىققان قازاقنىڭ يېزىق، ئەدەبىياتى، تارىخى بولمىسا ـ ھە ؟ بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۈچى ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرقانداق بىر مىللەتنى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى بولغان دىندىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. دۇنيادىكى ئۈچ دىنىنىڭ بىرى ئىسلام دىنىدۇر. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ يېڭى دىنىڭ بىرى سۈپىتىدە دۇنيادىكى بىر مىليارتتىن ئوشۇقراق ئىنسانلار شۇ دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى، بۇ دۇنيا ئاھالىسىنىڭ بەشتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. قازاق خەلقىمۇ دۇنيادىكى ھوقۇقسىز مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا بۇ روھى ئوزۇقتىن ئۇزاق يىللار ئايرىلىپ قالدى . بۇندىن خېلى بۇرۇنلا « شالقار » ئۇز سەھىپىللىرىدە « قۇرئان كەرىم » بىلەن « ھەدىس » لەرنى بېرىشكە باشلىدى. ئۇتكەنكى زامان قازاق تارىخىنىڭ ئېچىلمىغان سىرلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن خەلققە بىرىلگەن مەتبۇئات ئەركىنلىكىنىڭ يېڭى مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئادەملەرگە تىلسىم بولۇپ كەلگەن تارىخى ۋەقەلەرنىڭ ئاجايىپ سىرلىرى ئېچىلىۋاتىدۇ.

# ئەسلى نەسلىمىز بىر

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم : « قازاقىستان جەمئيىتى » ۋە « شالقار » گېزىتىنىڭ رېداكسىيەسىدىكى قەدىرلىك يولداشلار !

بۇ خېتىمنى مەن يىراق ئاۋستىرالىيەدىن سىزلەرگە بولغان چىن قېرىنداشلىق ئىخلاسىم بىلەن يېزىۋاتىمەن.

كېڭەش ئىتتىپاقىدا باشلانغان « قايتا قۇرۇش » ھەركىتى كېڭەش ئىتتىپاقى بىلەن بىرگە قازاقىستانغىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى . بولۇپمۇ قازاقىستان ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلىقلار قازاقىستان دالاسىدا يۈز بېرىشكە باشلىدى . قازاقىستان قازاق تىلىنى مەملىكەت تىلى دەرىجىسىگە كۆتەردى . قازاقىستان مۇھىتى، ئارال دېڭىزىنىڭ ئاپىتى، قازاقىستانغا جايلاشقان ئاتوم پالىگونى ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرگەن دەھشەتلىك ئاقىۋەتلىرى، دېموكراتىيە، ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىلىرىدە دەسلەپكى قەدەملەر تاشلىنىپ، يېڭى نەتىجىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى . بۇ قازاق كېڭەش ئىتتىپاقى ھەم دۇنيا خەلقىنىڭ غەلبىسى . بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۆزلىگىدىنلا مەيدانغا كېلىپ قالغىنى يوق، ئۇ بۇگۈنكى دەۋرنىڭ جىددى، مۇھىم تەلىپى ھېساپلىنىدۇ .

مانا مۇشۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىمىزنىلىپ، ئوقۇپ تۇرىدىغان « شالقار » گېزىتىنىڭ سەھىپىلىرىدىن كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. سىزلەرنىڭ بۇرۇنقى گېزىتىڭلاردا كۆپرەك پارتىيەلىككە ئېتىبار بېرىلەتتى، ئەمدىلىكتە گېزىتىڭىزلاردا ئېپتىدائى قەدەمدە دېموكراتىيە. ئىنسان ھوقۇقى، ئوچۇق - ئايدىڭ بولۇش مەسىلىلىرى يورۇتىلىۋاتىدۇ. بۇ قارشى ئېلىشقا تېگىشلىك يېڭىلىق بولۇپ، كىشىنى خوشال قىلىدۇ .

بەزى ۋاقىتتا سىلەرنىڭ « شالقار » دا ياكى جەمھۇرىيەتلىك باشقا گېزىتلەردە ئۆزىنىڭ ئۆتمۈش تارىخلىرىغا نەزەر ئاغدۇرماي، زوراۋان ئىمپېرىيەلەرنىڭ بىزگە ئىشلەپ بەرگەن تارىخلىرىغا ئالدىنىپ، مىللەتنىڭ ئىسمىغىلا يېپىشىۋېلىپ، ئۆزىنىڭلا تار دائىرىسىنى كۆرۈپ، باشقا قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان، ھەتتا بەزىدە شۇ قېرىنداشلىرىنى يات كۆرىدىغان سۆز ۋە مەزمۇنلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ مەسىلە بولۇپمۇ ھازىر ئىنتايىن زىيانلىق كۆزقاراشتۇر. تۈركىستان خەلقى تارىخىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بۇرۇلۇش ئۇقتىسىدا تۇرۇپتۇ. دوست كىم، دۈشمەن كىم، كىم بىلەن ھەمكارلىشىشى كېرەك؟ بۇنى ئايرىش ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالدىمىزدىكى سەپەر ئۇزۇن ھەم مۈشكۈل. يولىمىزدا قاتمۇ ـ قات توسالغۇلار تۇرۇپتۇ، ئىنشا ئاللاھ، بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مەنزىلىمىزگە يەتكەندە كەلا ئىستىقبالىمىز پارلاق... بۇمەنزىلدىكى پۇتلىكاشاڭ ـ توسقۇنلۇقلارنى پەقەت ـ پەقەتلا تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ قېرىنداشلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان پولاتتەك قېرىنداشلىق دوستلۇق ئىتتىپاقىلا يېڭىپ چىقالايدۇ. « يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس » دىگەندەك ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى رەنجىتىپ، ئۇلارنى چەتكە قېقىپ، دۈشمىنىمىزنىڭ ئۆگمىنىگە سۇ قۇيساق، مەملىكەتنىڭ مۇستەقىللىقى، ھوقۇقى، ئازاتلىق، مىللەتتىنىڭ كېلەچىكى دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق سۆز بولۇپ چىقمامدۇ ( مەن بۇ يەردە ئوتتۇرا ئاسىيا دىگەنلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قانداقتۇر بىر ئىمپېرىيە قۇرۇشنى تەكىتلەۋاتقىنىم يوق ) مېنىڭ دىمەكچى بولغىنىم : ھەر بىرىمىز ئۆز رېسپوبلىكىمىزغا ئىگە بولۇپ، شۇ رېسپوبلىكىلاردىكى قېرىنداشلىرىمىزنى شۇ رېسپوبلىكىلارنىڭ سۇنغان باشقا مىللەتلەرگىمۇ زۇلۇم ئازاپ سالماي، ئۇلارنىڭمۇ ـ ئىنسانچە ياشىشىغا كېپىللىك قىلىنسىكەن ) دىمەكچىمەن.

« شالقار » مۇشۇ مەقسەتتە تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ جانجان

كۆپلىگەن ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر مىللەت ئوغلانلىرى ئاقلاندى. ئەگەر تارىخ كونا يىتىچە يۈزىنى ئاچماي كېتىۋەرگەن بولسا، بۇ بىچارىلەرگە قانچىلىك ئوۋال بولغان بولاتتى ـ هە ؟

يەنە بىر يېڭى ئەھۋال، بۈرۈن پەقەت تىلغا ئېلىنمايدىغان، تىلغا ئېلىنسا جىنايەت هىساپلىنىدىغان تۈركىستان خەلقىنىڭ قېرىنداشلىق دوستلىقى ۋە شۇ دوستلىق ھەققىدىكى ئاز ـ تولا مەسىلىلەر ئەمدى ئازراق ئېيتىلىدىغان بولدى. بۇ مېنى ئىنتايىن خوشال قىلدۇ. ئەسلىدە تۈركىستان خەلقلىرى ( بۇنىڭغا شەرقى تۈركىستانمۇ كىرىدۇ، ئەلۋەتتە . ) قېنى، تىلى، دىنى، ئۆرپ ـ ئادىتى ئوخشاش قېرىنداشلار هىساپلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇپراقلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتاش بولغىنىدەك، يۈرەكلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇر. بۇ بىرلىكلەرنىڭ تۈپ مەزمۇنى : ئۇلارنىڭ ئاتا بوۋىلىرىنىڭ تەقدىرى بىر بولغىنىدەك بۈگۈنكى ئەۋلاتلىرىنىڭ تەقدىرى قىسمىتىنىڭ بىرلىكىنى، ھەتتا كېلەچەك ئەۋلاتلىرىنىڭمۇ تەقدىرىنىڭ بىر بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، ئىنشائاللاھ!

بىراق ئۆتكەن زاماندىكى زورلاۋان كۈچلەرنىڭ باستۇنچىلىقى ۋە سىياسى غەرەزلىرى بىلەن تۈرك خەلقلىرىنى جۇغراپىيەلىك، ئىقتىسادى، سىياسى، مەدەنىيەت، تىل ۋە باشقا جەھەتلەردە يامان نىيەت بىلەن ئۇلارنى ئايرىپ، ئۇلار ئارىسىدا يىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قەستەن « مىللى پەرق » ئالاھىدىلىكلىرىنى سۈنئى ياساپ چىقىپ ئۇلارنى دۈشمەنلىشىشكە قەدەر ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ سەۋەبىدىن تۈركىستان رىسپوبلىكىلىرىدا ئۆز ـ ئارا جاڭجاللىشىپ، قانلىق ۋاقەئەلەرمۇ يۈز بەردى. مۇشۇنداق ئەخمىقانە زىياندىن باشقا ھىچقانداق ئەھمىيتى يوق جاڭجاللار، ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئۆزاقلاردا قان يىغلاپ، ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ ئەزىز تۇپراقلىرىنى كۆزلىرىگە تۇتيا بىلىپ،سۈرگۈنچىلىكتە شۇنا بولۇپ يۈرگەن بىز ۋەتەنداشلىرىڭىز ئۈچۈن قاتتىق زەربە بولۇپ تۇيۇلدى .

قازاقلارنىڭ تۈركمەنىستانغا بىرىپ ماكان تۇتقانلىقىنى، ئۇندىن كېيىن 60 ـ يىللاردا يەرلىك رەھبەرلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچراپ، قازاقىستانغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئەسۆرلەيدىغان ئىپىزوتنى ماقالىسىغا كىرگۈزگەن. « مىسىرنىڭ پادىشالىقىدىن كەنئاننىڭ گادايلىقى ياخشى » دېگەندەك ئاتا بوۋىلارنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراقنىڭ ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك ئىكەنلىكى ئازغىنە ئەقلى بار ئادەمگە چۈشۈنىشلىك... مۇنداق ئىيتقاندا يازغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن كۆچۈپ، تۇققىنىنىڭ ئۆيىگە بىرىپتۇ، يازغۇچى شۇ يەردە تۇغۇلۇپتۇ، بارغاندىمۇ ئۆز يۇرتىدىكى ئاچارچىلىق، ئەجەل چاڭگىلىدىن قېچىپ بارغان، تۈركمەنىستاندا ئاچارچىلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، يازغۇچىمىز يازغۇچى بولۇپ ئۆسۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە يەتكەن...

مىنىڭچە، ئان، ئۆز ھۆرمىتى، ھەققى توغرىسىدىن ئىيتقاندا، يازغۇچى تۈركمەن يىرىنى ئۆتىيا قىلىپ كۆزىگە سۈرتۈپ، تۈركمەن خەلقىگە ئۆمۈر بويى رەھمەت ئېيتىشى كېرەك. يازغۇچى تۈركىستاندىكى مۇساپىرچىلىق بىلەن چەت يىراق مەملىكەتلەردىكى مۇساپىرچىلىقنىڭ ـ ئايرىمىسىنى ئىنىق بىلمىسە كېرەك، بۇ مىساللار ئوخشاش مەسىلىلەردەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئىنتايىن ماھىيەتلىك مەسىلە. « ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى، يامان تۇغقان ئۆلگەندە ياخشى » دېگەن ئەقلىيە سۆزىمىز بار ئەمەسمۇ ؟ تۈركىستان خەلقلىرىگە پەقەت تۈرك خەلقلىرىلا قېرىنداش ھەم تۇغقان، ئۇلار ياخشى يامان كۈنلىرىدە بىر ـ بىرىگە ھەمرا، بىر ـ بىرىگە غەمخور بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلالايدۇ، مەن شەرقى تۈركىستاندا تۇغۇلدۇم ھەم ئۆستۈم. ھايات كەچۈردۈم، خىتايلار بىلەن سۆزلەشسىڭىز ئۇلار شاڭخەيلىك، گۇاڭجۇلۇق، بېيجىنلىك ھەم خۇنەنلىك دېگەن گۇرۇپپىلارغا بۆلىنىدۇ، بىر ـ بىرسىنىڭ سۆزىنى بىلىشمەيدۇ، تارىخى ئىپتىنىك قۇرۇلمىسىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، بىر ـ بىرىنى «يۇرتداش » دەپ ئاتاپ، بىر ـ بىرىنى قاتتىق ھۆرمەتلىشىدۇ. شۇڭلاشقا بۈگۈنكى شەرقى تۈركىستاندا ئۇلار ئەتىۋالىق،

قېرىنداشلىقنىڭ ئۇتمۇشى ۋە ھازىرقى ئىش ـ ھەركەتلىرىنىڭ، ھاياتى پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسى ھالقىسى بولغان تۈركلۈك قېرىنداشلىقنىڭ ھارماس ـ تالماس جارچىسى بولۇشى كېرەك.

قازاق دېگەن ئۇقۇم نەگەر تۈرك ـ ئىسلام مەنالىرىدىن چەتلىتىلسە، ياكى ئۇنى يوقىتا چىقارسا ( بۇ مەسىلە تۈركىستاندىكى باشقا مىللەتلەرگىمۇ ئورتاق ) ئۇنىڭدا ھېلىقى ئۇقۇم مۇكەممەل تولۇق مەزمۇندىكى مەناغا ئىگە بولالمايدۇ، چۈنكى مىڭ يىللارچە جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىمىز تۈرك نامىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ ئاتالغۇغا ئىسلام ئۇقۇمى قوشۇلۇپ.تۈرك دۇنياسىنى پۈتۈن ئالەمگە يېڭى قىياپەت بىلەن تونۇتقان ئىدى.

« شالقار » گېزىتىدىكى سىماغول ئەلۇۋ بايبۇنىڭ : « يىراقتىكى قېرىنداشلاغا ئوچۇق مەكتۇپ »، قازتاي ئابىشبۇنىڭ ئاكادېمىك جابايخان ھەققىدىكى ماقالىلىرىنى زور قېزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم، ئۇلاردا بۈگۈنكى ھاياتىمىزنىڭ ئىنتايىن خاراكتېرلىك مەسىلىلىرى يورۇتۇلغان. لېكىن قىزىق يېرى، يازغۇچى سىماغولنىڭ ماقالىسىدا قازاقلارنى « روس گورۇپپىسى »، « ختاي گورۇپپىسى » دېگەندەك گورۇپپىلارغا بۆلۈپ، « ئۆزبېك گورۇپپىسى » دېگەننىمۇ قوشۇپ رىۋايەت قىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسىنى نېمە دەپ چۈشەنسەك بولا ؟ تۈركىستان زېمىنىدىكى تۈرك خەلقلىرى بىر ـ بىرى بىلەن تەرجىمانسىز سۆزلىشىدۇ، ئەق سىزلەرنىڭ گېزىتىڭىزلاردىن تۈركىيە جۇمھۇر رەئىسى تۇرغۇت ئوزال ئالمۇتۇغا كەلگەندە ئەزەر بايىۇ بىلەن ئىككىسىنىڭ تەرجىمانسىز سۆزلەشكەنلىگىنى ئوقىقان ئىدىم، ئەمدى يېزا ـ ئاۋۇللىرى بىلەن مەھەللىلەرنىڭ ھاۋشىغان ئىنى بىلەن چىللىغان خورازلىرىنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ـ قېرىنداش خەلقلەرنى ياتلار قاتارىغا قوشۇشنىڭ زادى نېمە ھاجىتى ۋە قانداق مەقسىدى باردۇ؟ ئۇندىن باشقا قازاقستاندا 1932 ـ يىلى ستالىننىڭ قەستەن كەلتۈرۈپ چىقارغان « ئاچارچىلىق » بىلەن يازغۇچىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىر تالاي

# غەربى تۈركىستاندىكى قېرىنداشلارغا ئوچۇق خەت

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار:

خەلقنارا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاقىۋىتى ۋە غەربى تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان ئىنتىلمەي - سۈنماي كۆرەش قىلىشى بىلەن قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان خەلقلىرى ئۆز مىللىي دۆلەتلىرىگە ئىگە بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ شانلىق غەلىبىلەر سىزلەرنىلا ئەمەس، قېرىنداشلىرىڭىز بىز شەرقى تۈركىستانلىقلارنىمۇ زور شاتلىققا چۆمدۈردى.

ئېغىزدا، مەتبۇئات، رادىيو، تېلېۋىزىيونلاردا ئېلان قىلىنغان مۇستەقىللىق - مۇستەقىللىقنىڭ ئەمەلدە رىئاللىققا ئايلىنىشى ئەمەس. بۇ بىر ئۇلۇغ ئىشنىڭ باشلىنىشى. بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىشكە،كۆپ ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ قېرىنداشلىق ئىتتىپاقى ۋە بىرلىكىدۇر. تۈركىستان خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىشىدىن ئېيتقاندا، تىلى، قېنى، دىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرى بىر تۈركى خەلقلەردۇر. ئەچچە مىڭ يىللىق كۆرەش تارىخى جەريانىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، بەخت - سائادىتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا بىر - بىرىنى قوللاپ، ياردەم بېرىپ، بىر نىيەتتە مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ، ئاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا، ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭ ساتقۇنلۇق بۆلگۈنچىلىكلىرىگە قارشى جانپىدالىق بىلەن كۆرەش قىلىپ، دۇنيا تارىخىدا ئۆچمەس سەھىپىلەرنى قالدۇرغان ئىدى. بۇ كۆرەشلەر داۋامىدا تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ قېرىنداشلىق ئىتتىپاقى ۋە بەرىكە

كۆچلۈك ھساپلىنىدۇ، ئۇلار ھەرگىزمۇ خارلىنىپ قالغىنى يوق، ئەكسىچە يەرلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداش ـ ئۇرۇقلىرىنى ئۆزلىرى خارلىغاچقا، ئۆزلىرىنى خارلىغان بولۇپ چىقىدۇ، بىشىمىزدىن ئۆتكەن مۇشۇ ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك.

گېزىتىنىكى ماقالىلاردا، تەشۋىق ـــ تەرغىباتلىرىمىزدا تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخى دوستلۇق ـ قېرىنداشلىقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس روھىنى مول تارىخى دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن يازغىنىمىز تۈزۈك، ھەممىمىز تارىختىن بۇيان ھەممىمىزگە ئورتاق بولۇپ كەلگەن دوستلۇق خەزىنىسىدىكى ئۆز ئۈلۈشىمىزگە ئىگە بولىشىمىز لازىم. تۈركىستان خەلقىنىڭ قېرىنداشلىق، دوستلۇق داستۇرخىنىغا ھەممىمىزمۇ سىغىپ كېتەلەيمىز.

ھۆرمەت بىلەن يىراقتىكى قېرىندىشىڭىز نەخمەت ئىگەمبەردى.

ئاۋىلايدى _ ئاۋستىرالىيە

( قازاقچە « شالقار » گېزىتى 1991 _ يىلى تومۇز )

هازىر شەرقىي تۈركىستان خەلقى يەنىلا خىتاي ئىمپېرىيالىزمىنىڭ قانلىق زۇلمى ئاستىدا ئاھايىتى ئېچىنىشلىق ھالدا ياشاۋاتىدۇ. « نە ئاغرىسا جان شۇ يەردە » دېگەندەك ئىككى ـ مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن تۇپراق، يىگىرمە مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە تۈرك خەلقى ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانىنىڭ چەتئەل زۇلمىدىن تېخىچە ئازات بولمىغىنى پۈتۈن تۈركىستان خەلقلىرىگە زور قايغۇ ھەسرەتلەرنى كەلتۈرۈپ كەلگۈسىدىكى چوڭ بالايى ئاپەتلەرنىڭ مەنبىئى بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ .

شەرقىي تۈركىستان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن مىراس بولۇپ قالغان ئانا ماكانىمىز، ئۇلۇغ تۈركىستانىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستان ئايرىلماس بىر جان، بىر تەن. بۈگۈنكى كۈندە، قىزىل خىتاي ئىمپېرىيالىستلىرى تارىختا ئۆتكەن خىتاي فېئوداللىرىنىڭ مۇستەملىكچىلىك زۇلمىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىزىشتە ئۆزلىرىنىڭ ئەجداتلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. قىزىل خىتاي ئىمپېرىيالىسلىرى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتالغان تۈرك دۇنياسىنىڭ ئانا يۇرتىنى ۋە ئۇنىڭ قەھرىمان خەلقىنى سىياسى جەھەتتىن ھوقۇقسىز قۇل. ئىقتىسادى جەھەتتىن گاداي، مەدەنىيەت جەھەتتىن قالاق، نادان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، مەجبۇرى خىتايلاشتۇرىۋاتىدۇ، ئۇلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە « ئاپتونۇمىيە » بەردۇق دېگىنى بىلەن بۇ ئالدامچى سىياسەت ئارقىلىق خەلقنىڭ ئەسلىدە بۇرۇندىن قولىرىدا بولۇپ كەلگەن ئاز تولا سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدەنى. دىنى ھوقوقلىرىنى بىرنى قويماي پاك ـ پاكىزە تارتىپ ئالدى . 1949 ـ يىلىنچە ئون مىليونغا قەدەر بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرى ئۆز تۇپرىغىدا ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگىنى تەشكىل قىلىپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ خوجايىنلىرى ھساپلىناتتى . ئەمدى بولسا قىزىل چىنىنىڭ خىتايلاشتۇرۇش سىياستى ئاستىدا گومىنداڭ ئارمىيسى قوشۇلۇپ ئۇچيۈز مىڭغا يەتمەيدىغان كۆچمەن خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا

بىرلىگىنىڭ ھەممە ئىشلاردا غەلىبە قىلىشىنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى ئۇزۇن ئەسىرلىك قانلىق تەجرىبە ساۋاقلاردىن چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. ئون سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ غەربىي تۈركىستان چار پادىشاسىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان خىتاي مانجۇ ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى . بەختكە يارىشا، غەربىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جاپالىق كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە بۈگۈنكى كۈندە مۇستەقىللىقا قول يەتكۈزدى . بىراق غەربىي تۈركىستان زېمىنىدا مۇستەملىكىچىلىك تۈگەپ، قېرىنداش مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ پەيدا بولىشى بىلەن مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قالدۇرغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئىدىئولوگىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرلىرى بىراقلا ئۆزلىگىدىن تۈگەپ كەتمەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تۈركىستان خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك بىلەن قەستەن سۈنئىي پەرقلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بۇرۇن تۈرك ئاتالغان بىر پۈتۈن مىللەتنى ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈپ، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىغا بەزى ئىختىلاپ، نىزاھلارنى تېرىپ قويدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىنى يات، دۈشمەننى ئۆز كۆرۈپ، دۈشمەننىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇپ، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە دۈشمەنلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قېنى تۆكۈلدى. تارىختىن بۇيان تۈركىستان تۇپراقلىرىدا بىر ـ بىرىگە تۇغقان، قېرىنداش، خوشنا بولۇپ بىرگە ياشاپ، ئانا يۇرتىمىز تۈركىستاننى گۈللەندۈرۈشتە قان ـ تەر تۆككەن ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى بۈگۈنكى كۈندىكى ئاتالمىش كىچىككىنە دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتلەردە ئۆز دۆلىتىنىڭ نامىدىن باشقا نامدا بولغان تۈرك قېرىنداشلىرىنىڭمۇ ئىنسانىي ھوقۇقىنى خارلاپ، ئاتالمىش شۇ دۆلەتلەردىن ھەيدەۋاتىدۇ، كەمسىتىۋاتىدۇ، بۇ بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزغا، تۈركلۈك روھىمىزغا قىلىنغان تاجاۋۇز، ئېغىر بۇزغۇنچىلىق . بۇ ئىنتايىن قورقۇنۇشلۇق، خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

تارىخىدا ئۆتكەن قارىخانىلار دۆلىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يەرلەرنى هازىرغىچە خىتاينىڭ زىمىنى دەپ گېزىت جورنالىلاردا ئىلان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. تارىختىكى خىتاي فېئودال باسقۇنچىلىرىنىڭ ئىشغالىيەتچىلىك جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان هازىرقى خىتاي هۆكۈمرانلىرى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بۇ ئاجاۋۇزچىلىق تەلەپلىرىدىن هەرگىز ۋازكەچكىنى يوق هەم ۋاز كەچمەيدۇ. پەقەت بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى خىتايلار سەددىچىنىنىڭ غەربىدىكى يۇيمېنگۇەن، جايۇيگۇەن دەرۋازىلىرىنىڭ ئىچىدە ئىدى. كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېگرالىرىغا كەلدى.

ئون توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا چار پادىشاسى ۋە بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قوللىشى، كۈشكۈرتىشى ۋە سۈكۈت قىلىشى بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالدى، ئۇنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ « شىنجاڭ » ( يېڭى مۇستەملىكە مەناسىدا ) دەپ ئاتاۋاتىدۇ . هەتتا بۇرۇن دارىلىققا تاپقىلى بولمايدىغان خىتايلار هازىر ئەللىك مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. كەلگۈسىدە ئىككى يۈز مىليوندىن ئاشماقچى، ئۇلار يەرلىشىپ ئالغاندىن كېيىن ياستۇغىنى قىرلاپ، « ئەمدى مەنزىلگە يەتتۇق. بولدى قىلايلى » دەپ ئېيتىچ ياتارمۇ ؟ ئۇلارنىڭ چۈشلىرىگە بوۋىلىرى ئالىشىپ يېقىن كۆنلەرگىچە يەر دەۋاسىنىڭ ئىچىگە كىرگەن پەرغانە باغلىرى، ئالاتاۋ يايلاقلىرى، گۈزەل چۇ، ۋەرزاپ بويلىرى كىرمەسمۇ ؟

ئېسىڭلاردا بولسۇن قېرىنداشلار، ئاچ ئەجدىرھا قانلىق ئاغزىنى بوغان ئېچىپ، بوسۇغالاردا خىرىس قىلىپ شۆلگەيلىرىنى ئاقفۇزۇپ . غەربىي تۈركىستاننى يۇتىۋېلىش ئۈچۈن پەقەتلا پەيت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ هازىر جىم تۇرغىنى پەقەتلا پۇرسەت كۈتۈش. پەيت پايلاش... ئۇ شەرقىي تۈركىستاننى يۇتۇپ تويدان ئۇگۇنۇپ ئالدى . شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ماختىنىدىغان، لېكىن ئۆزلىرىگە ئىسىپ بولمايۋاتقان دۇنياغا مەشھۇر ئېفىت، ئوران، ئالتۇن، كۈمۈش، ئالماس، مىس كانلىرىنىڭ راهەتىنى ئۆزلىرى

كۆپىيسپ ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگىگە ئايلىنىپ، خوجايىنغا ئۆزگەردى . ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ رەسمى ئىزنىمى بىلەن شەرقى تۈركىستانغا كېلىدىغان خىتايلارنىڭ سانى ھەر يىلى بىر مىليونغا يېتىدۇ. ( بۇ سانغا ئوپان بالاسىدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان ئەركىن خىتاي كۆچمەنلىرى ۋە جاللات قوشۇنلىرى كىرمەيدۇ ).

ھازىر خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئوچۇق ستاتىستىكا مەلۇماتىدا شەرقى تۈركىستان نوپۇسىنى ئون بەش مىليون دەپ ئېلان قىلىۋاتىدۇ . ئەمەلىيەتتە، ئاللىقاچان ئاتمىش، يەتمىش مىليوندىن ئېشىپ كەتتى . شەرقى تۈركىستاندىكى مۇنتىزىم خىتاي ئارمىيىسى ئىككى مىليوندىن ئاشىدۇ. قۇرۇلۇش دىۋىزىيىسىنىڭ قورال تۇتقان قوشۇنلىرى ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق ( بۇلارنى ئاھالە ئىچىگە قوشمايدۇ)، خىتاي ھۆكۈمرانلىرى بۇ سانلار بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي ھۆكۈمەت بايانلىرىدا ئىككى مىڭىنچى يىلنىڭ باشلىرىدا شەرقى تۈركىستاندىكى خىتايلارنى يۈز ئەللىك، ئىككى يۈز مىليونغا يەتكۈزۈپ، شەرقى تۈركىستان تۈركلىرىنى خىتايلاشتۇرۇپ بولماقچى بولىۋاتىدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قىزىل خىتاي ئىمپىرىيالىستلىرى باش قاتۇرۇپ ئىككى يۈز مىليون خىتاينى شەرقى تۈركىستانغا كۆچۈرۈشنى قاتتىق كۆچەپ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدا بەنە قانداق ئىپىتقىلى بولمايدىغان سىر بارلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ زېھنى ئۆتكۈر كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ئېنىقكى، خىتايدا مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى يۈرگۈزۈلگەن يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئىختىلاپلىرىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئالاي قىتىم زېمىن تەلىۋىنى قويۇپ، يىراق شەرقتە خىتاي قولىدىكى مانجۇرىيەگە چېگرىداش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەۋەلىكىدىكى كەڭ رايونلارنى ھەم پەرغانە ۋادىسىنى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى جەنۇبى تەۋەپلىرىنى خىتاينىڭ زېمىنى دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. ھەتتا تۈركىستان

قېرىنداشلىقنى ئۇنۇتسا ـ دە، ئۆزلىرىنىڭ تار دائىرىلىك مەنپەئەتلىرىنى دەپ چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىكى بىلەن يەر تالىشىپ، بايلىق تالىشىپ، قىرىق پىچاق بولۇشۇپ سوقۇشسا ياكى شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكەن قاراڭغۇ ئەسىرلەردە بولغىنىدەك ئاللاھنىڭ ئورنىغا. ئىسلامنىڭ ئادىل شەرىئەتلىرى ئورنىغا. ئۆزلىرىنىڭ رىياكارلىق ئوپۆزىنى قويۇپ، ئەتراپىغا مىڭلىغان ئادان، جاھىل مۇرتلارنى توپلىغان « ئاق تاغلىق »، « قارا تاغلىق » خوجىلارنى تېپىپ، ئۇلارنى يۈز يىللاپ سوقۇشتۇرۇپ قويسا. ئەنە شۇ چاغدىلا « توپىلاڭدىن توغاچ ئوغۇرلىدى » دېگەننىڭ ئۆزى بولاتتى. شۇ چاغدا ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، دېگەنلەر نىمە؟ ھەر بىرسى ئەجدەرھانىڭ بىر قېتىملىق لوقمىسىغا يارىمايدۇ ـ دە، بىردىن ـ بىردىن ... ھا ـ ھا ـ ھا ئەجدەرھانىڭ خوشلىغى ئۇتقان بولاتتى .

ئەنە شۇ چاغدا ئۇلار، قانخور ئەجدادلىرى سەمەرقەندتە مىنەلمىگەن كۆكتاشقا مىنگەن بولاتتى. ئۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى، كۈرمىڭ ھىيلىلىرىنى ئىشلىتىشى كېرەكتە... شۇڭلاشقا ئۇ ئەپتى بەشىرىسىنى يوشۇرۇپ، گۈزەل مەلىكىلەر ئىنقاۋىنى كىيىۋالدى. ئۇ جەللات چىرايىغا ئازىنىلارنىڭ كۈلكىسىنى پەدەزلىۋالدى. ئۇ سىلەرنىڭ مۇستەقىللىقىڭلارنى تەبرىكلەۋاتىدۇ، سىلەرنى دوست دەۋاتىدۇ، سىلەرگە ياردەم قىلىمەن دەپ قەسەم ئىچىۋاتىدۇ... ئەنە ئۇ ئۇنۇشىرۋانى ئادىل قىياپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، سىلەر بىلەن « دۆلەت چېگرىسى توختامى »، « دوستلۇق ئەھدىنامىسى »، « قاتناش سودا ئالاقىسى »، « مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى » لىرىنى تۈزۈپ ئادىللىق. سېخىلىق بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قان بەدىلىگە كەلگەن بايلىقلار بىلەن سىزلەرنى ئالداۋاتىدۇ، غەربىي تۈركىستاننىڭ بەزى جايلىرىدا زاۋۇت. فابرىكىلارنى قۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئەجدەرھانىڭ مىجەزىنى بىلمىگەن ياكى ئۇنىڭ

كۆرگىنى يوق. ئۇنى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى كۆرەۋاتىدۇ. بۇ بايلىقلار شەرقى تۈركىستان خەلقىگە بەخت ئەكىلىشىنىڭ ئورنىغا بالايى ــ ئاپەت كەلتۈرۈۋاتىدۇ. خالاس. بۇ تويماس ئەجدەرھا خان تەڭرى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ شالاڭ يېقىپ، جالاڭ سوقۇپ، بۇرۇن ئۆتكەن تاجاۋۇزچى ئەجدادلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق روھىنى چاقىرىپ، غەربىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىش پىلانىنى قۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ قېرىنداش تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى بىر تەرەپتىن ئۆزىگە خەتەرلىك دەپ قاراپ، بۇ يەردىكى مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك شامىللىرىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا بىۋاستە كىرىپ، خەلقنىڭ كۆرەش يالقۇنىنى ئۇلغايتىپ، سوۋېتنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىشىدىن قورقۇپ، شەرقى تۈركىستاننىڭ شەھەر، يېزا، قىشلاقلىرىدا مۇستەقىللىق، ئەركىنلىككە قارشى ئۇگۇنۇش، تەشۋىقاتلارنى، جازا يۈرۈشلەرنى باشلىۋەتتى. « سەن ئوغرى دېگىچە مەن ئوغرى دەۋەلاي » دېگەندەك « شەرقى تۈركىستانغا خەتەرلىك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىيەدىكى بۆلگۈنچىلەردىن كېلىدۇ . » دەپ مىڭلىغان ئون مىڭلىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى، زىيالىلارنى قارا تىزىملىككە ئېلىپ ئالدىنى ئۆلۈمگە، قالغانلىرىنى تۈرمىگە، جازا لاگېرلىرىغا تەييارلاۋاتىدۇ. شەرقى تۈركىستان تارىخىدا يەنە بىر قانلىق، پاجىئەلىك تىراگېدىيەنىڭ پەردىسى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن غەربىي تۈركىستاندىكى بىر تۈرك قەۋمىدىن بولغان قېرىنداشلارنىڭ يېڭىدىن كىچىك ــ كىچىك دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تەشكىلىي، ھەربىي جەھەتلەردە سېرىقتال ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى، ئۇلار ئارىسىدا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قالدۇرغان قالدۇق تەسىرلىرى نەتىجىسىدە ۋاقتىنچە بەزى ئىختىلاپلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆرۈۋاتقان شېرىن چۈشلىرىنى ئەسلەپ، گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇلارچە بولسا بۇ بەش تۈرك دۆلىتى ئۆزىنىڭ تۈركلۈك روھىنى، ئىسلاملىق ئىمانىنى، تۈركىستانلىق

ئابدۇلئەزىز مەخسۇم دوست دۈشمەنىنىڭ پەرقى توغرىسىدا توختۇلۇپ :
«ھەقىقى دوست سادىق گەر زەھەر بەرسە شېكەر دەپ بىل،
ۋە گەردۈشمەن ساڭا ئەپلەپ شېكەر بەرسە زەھەر دەپ بىل.
زىيان يەتكۈزسە دوستۇڭ پايدەدۇر كۆڭلى تۈز بولغاچ، شۇڭدەك
دۈشمىنىڭ پايدا كەلتۈرسە زەرەر دەپ بىل .»
دەپ يازغان ئىدى. دوست قانداقلا بولمىسۇن دوست، دۈشمەن
قانچىلىك ياخشىلىق قىلمىسۇن بەرى بىر دۈشمەن. مىڭلاپ ئەسىرلەردىن
بۇيان تۈرك خەلقىنى، باشقىلارنى يەپ، يۇتۇپ خوردا بولۇپ كەتكەن
يالماۋۇز ئەجدەرھا ئەمدى كىبىلەپ، قانداقلارچە تۈرك خەلقىنىڭ دوستى
بولالىسۇن؟ ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى راست، دوستلىقى يالغان، غەلەت. بىر
ئەمەس مىڭ يالغان، ئۇنىڭ يۇرىكىنى بىلەي دىسىڭىز تارىخقا نەزەر سېلىڭ:
ئۇ تارىختا باشقىلار بىلەن ئىناق خوشنىدارچىلىقتا ئۆتكەن ئەمەس . پۈتۈن
تارىخى سۆزىدە تۈرمايدىغان نامەرت، تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇقلۇق، ۋاپاغا
جاپانىڭ ئۆگۈمەس پۈتمەس قامۇسى .
ئۇ ئاجىزلارنى يۇتۇپ، كۈچلۈكلەرنى ھىلە ـ مىكىر بىلەن ئۇلارنىڭ
ئوتتۇرسىغا پىتنە ـ پاسات تىرىپ « ياتلارنىڭ قولى بىلەن ياتلارنى
يوقۇتۇش »، « بۆلۈپ تاشلاپ، ئىدارە قىلىش » دىگەندەك سۇيىقەستلەرنى
ئىشلىتىپ ئۇرغۇن خوشنا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنى يۇتۇپ يەپ، ئىمجان
سىبرىق يىلاندىن[**] بۇگۈنكى ئەجدەرھاغا ئايلاندى . ئۇ يالماۋۇزنىڭ شەرقى
تۈركىستاندا قىلغان جىنايەتلىرىگە قاراڭ:
بىز شەرقى تۈركىستانلىقلارمۇ سىزلەرگە ئوخشاش ئىنسانلاردىن،
تۈركلەردىن ئىدۇق، ئۇ ياۋۇز بىزنىڭ بار يوقىمىزنى تارتىۋلىپ، ئەسلى

[**] خىتايلارنىڭ بۇرۇنقى زامانلاردىكى سىمۋولى ( بەلگۈسى ) سىبرىق يىلان ئىدى، بۇگۈن بولسا ئەجدەرھا .

قانخورلىغىنى ئۇنۇتقان بەزى ساددا، گول دىپلوماتلار، ئاتالمىش ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ تار مەنپەئەتلىرىنى دەپ شەرقى تۈركىستاننىڭ، كەڭ مەنادا ئىستاق ئۆزلىرىنىڭ ـ تۈركىستاننىڭ ۋە ئۇنىڭ خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى پۇچەك پۇلغا سېتىپ بېيىشكە تەمشىلىۋاتىدۇ. ئۇلار سىزلەرگە ئاشلىق، گۆش، ماي، تاۋار دۇردۇندىن ئىبارەت سانائەت بويۇملىرىنى بېرىپ، بىزنىڭ بۇ يەردە « شەرقى تۈركىستان » دېگەن يەر يوق، « شىنجاڭ » بار، ئازراق ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز بار ئۇيغۇرنى يوق دەڭلار » دەپ سىزلەرنى زورلاۋاتىدۇ.

خىتاي باسقۇنچىلىرىدىن قورقۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار، ئەجدەرھانىڭ ھەم ئالداش ھەم قورقۇتۇش ھىلىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقانلار ئۆزلىرىنى مۇستەقىل تۈرك دۆلەتلىرى دەپ ئاتىشىدۇ ــ بۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش گېزىت، ژورنال، رادىيو، تېلېۋىزىيونلىرىدا ئەجداتلىرىمىز، ئانا ۋەتىنىمىزگە شەرقى تۈركىستان دەپ قۇلاق قېقىپ، ئەزان قىچقىرىپ قويغان مۇبارەك ئۇلۇق نامىنى يازماي « شىنجاڭ » دەپ يېزىۋاتىدۇ، ئاتاۋاتىدۇ، ھەتتا خىتاي ھۆكۈمرانلىرى قويغان ئاتالمىش « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » دېگەن ئاتالغۇدىكى ئۇيغۇر دېگەن تۈرك قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ نامىنى، شانلىق تۈرك تارىخىنى يارىتىشتا ئالاھىدە تۆھپىلەر قوشقان ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ نامىنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالماي، خىتاينىڭ شىنجاڭ پراۋىنسىيەسى (ئۆلكىسى ) دەپ يېزىۋاتىدۇ، ۋاھالەنكى غەرب دۇنياسىدا، كۆپ مەملىكەتلەردە « شەرقى تۈركىستان » دەپ ئالاھىدە شەرھلەيدۇ. ھەيرانمەنكى ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنى مۇستەملىكە قىلىپ ئېزىۋاتقان بىر مۇستەملىكچى دۆلەتكە قارىتا قىلىنىۋاتقان بۇ خوشامەتچىلىك دىپلوماتىيەسىدە قانداق قىلىپ مۇستەقىللىقنىڭ پۇرىقى بولسۇن؟ بۇنداق خاھىشلار تۈركىستانلىقلارغا قىلىنغان ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ئۆزۈن تۈرمىدە يېتىپ، پۈتۈن ھاياتىنى ئەقدىم قىلغان ئۇلۇغ شائىر

شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا كەلدى. بىزگە كەلمەيدۇ، دەپ چوتنى خاتا سوقماڭلار، « ئىنەكنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزايىنىڭ بېشىغا كەلمەسمۇ ؟ ».

ھەرقاچان بۇ پاجىئەلەرنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۈرك تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، بىلگە خاقانىنىڭ ئىنىسى كۈلتېكىنگە يازغان ھازىرقى موڭغۇلىيە خوشۇ سايدامدىكى مەڭگۈ تاشقا ئورنىتىلغان بىباھا خاتىرىسىنى ئۇنۇتماسلىغىمىز لازىم : « چىن مىللىتىنىڭ سۆزى تاتلىق، سوۋغاتى يۇمشاق ئىمىش. تاتلىق سۆزى ۋە سوۋغاتى بىلەن ئالداپ، يىراق مىللەتنى كۆپ قېتىم يېقىنلاشتۇرۇر ئىمىش. ( ئۇلارغا ) يېقىنلاشقاندىن كېيىن ( ئۆزلىرىنىڭ ) يامان ھىيلەلىرىنى ئارىتۇر ئىمىش، ياخشى ئالىم كىشىنى، باھادۇر كىشىنى يۈرگۈزمەس ئىمىش. ( ئىلگىرى باستۇرمايدىكەن ) بىر كىشى ئۆزگىرىش قىلسا ( خاتالاشسا ) ئۇنىڭ ئۇرىغى، قەۋمى ۋە بۆشىگىكىچە رەھىم قىلماس ئىمىش، تاتلىق سۆزىگە، يۇمشاق سوۋغاتىغا ئالدىنىپ، تۈرك مىللىتى ئۆلدۈك.... » ( « شەرقىي تۈركىستان تارىخى » ــ مەمتىمىن بۇغرا يىگىرمە يەتتىنچى بەت ) گەرچە بۇ خاتىرە تاشنىڭ قويۇلغىنىغا ھازىر نەق مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش يىل بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى رىئال ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغانلىغى بىلەن قىممەتلىكتۇر. كۈچ قۇدرىتى زور، يەر كۆلىمى كەڭ، رىم ئىمپىرىيىسى ۋە ئىران شاھىنشاھىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان كۆك تۈرك خانلىغى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خىيانەتكەرانە بۇزغۇنچىلىغى، قۇتراتقۇلۇقى، ھىيلە ــ مىكىرلىرى نەتىجىسىدە ئىككىگە بۆلۈندى. كېيىن شەرقىي كۆك تۈرك دۆلىتىدە پەيدا بولغان ئىختىلاپلاردىن پايدىلانغان خىتاي خانى تەيزۇڭ ئۇنى مۇنقەرىز قىلدى . خىتايلارغا ياردەم بەرگەن ئاسى خائىنلار يەنىلا قورچاققا ئايلىنىپ، ئىستىقلالسىز رىزالەت ئاستىدا قالدى . يۇقۇردىكى مەڭگۈ تاشتا تۈركلەرنىڭ خىتايغا مۇنقەرىز بولغان كۈرگەن زۇلۇم، ئارتقان خورلۇقلىرى، شۇ چاغدىكى بەزى تۈرك بەگلىرى ۋە نوپۇزلۇقلىرىنىڭ ئۆز مىللىتىگە قىلغان خىيانەتلىرى بىرمۇ ــ بىر يېزىلغان،

ۋەسلىمىزدىن ئايرىپ، قۇل، گاداي، نادان، قاشاق هالغا كەلتۈرۈپ قانلىق قولىنى يۈرىگىمىزنىڭ بىغىغا ئۇزۇتۇپ، بىزنىڭ دۇنيادىكى مەۋجۇتلىغىمىزنى يوقىقا چىقىرىپ، بىزنى روھى ھەم جىسمانى تەرەپتىن يوقاتماقچى بولاۋاتىدۇ، بىزنىڭ تىلىمىز، دىنىمىز، ئۆرپ ئادىتىمىز، ئىرقىمىز، تارىخىمىز، چىرايىمىز ھەتتا ئارزۇ ئىستەكلىرىمىزسىزلەر بىلەن ئوخشاش، ياكى مەن دىگەن - سىز دىگەن سۆز، تۈركىستانىنىڭ خىتاي زۇلمى ئاستىدىكى شەرىق تەرىپىدە سىزلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭىز ئۇيغۇرلار، قازاقلار، قىرغىزلار، ئۆزبىكلەر، تاجىكلار، تاتار تۈركلىرى ياشايدۇ. خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇ خەلقلەرگە قىلغان زۇلمى غەربى تۈركىستاندىكى مۇستەقىل تۈرك دۆلەتلىرىگە قىلىنغان ھاقارەت - خورلۇق ئەمەس دەپ كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟ ئۇلارنىڭ زورلۇق — زومبۇرلۇقلىرىنى سىزلەرگە قىلمايدۇ دەپ، كىم كاپالەتلىك بىرەلەيدۇ؟ ئاغزى قانلىق بۆرە بىر يۇملاپلا بىچارە يۇۋاش قويغا ئايلىنىپ قالارمۇ؟ خىتايلارنىڭ جاللات ئەسكەرلىرى قولىدا « ئازانلىق » نى دەپ قەشقەر بارىندا شەھىد بولغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى پەرغانىلىقنىڭ ئۇغقانلىرى ئەمەسمۇ؟ ئالتاي تاغلىرىدىكى يايلاقلىرىنى قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ باسقۇنچىلىرىغا تارتقۇزۇپ قويغان قازاق، چوپان زايسان رايونىدىكى دىھقانىنىڭ قېرىندىشى ئەمەسمۇ؟ ئىشغالىيەتچى زالىم خىتايلارنىڭ ئاياق ئاستى قىلىشىغا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر قىزلىرى تاشكەنت ياكى دۇشەنبىلىكنىڭ جىگەر پارىلىرى ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ تارتىۋاتقان ئازاپ - قايغۇلىرىمىز ئوچۇقنى ئېيتقاندا، سىزلەرنىڭ ئازاپ - قايغۇلىرىڭىز. بىزگە قىلىنىۋاتقان ئازاپ، خورلۇقلار سىزلەرنىڭ غۇرۇرۇڭلارغا تەگمەسمۇ؟ شۇ نەرسە ئېنىقكى، « ھۆكۈزنىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىقىرايدۇ » غۇ؟ قىسقىسى، شەرقى تۈركىستانغا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق سىزلەرگە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ پاجىئەلىك كەچمىشلىرىمىز سىزلەرگە ئۇنتۇلماس قانلىق تەجرىبە ساۋاقلار بولسۇن. بۇ قارا پاجىئەلىك كۈنلەرنى

ئاجاۋۇزىغا قارشى ئۆز كۆكسىنى قالقان قىلىپ، خىتايلارنىڭ غەربى تۈركىستانغا توپان بالاسىدەك بېسىپ كىرىشىنى توسۇپ تۇرانتى. ئاخىرقى قېتىم شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ قەست دۈشمەنلىرىدىن سوۋېت سوتسىنال جاھانگىرلىكى بىلەن قىزىل خىتاي جاھانگىرلىگىنىڭ ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىغىز بۇرۇن يالىشىپ، يۈزسىزلەرچە قىلغان خىيانىتى ۋە باسقۇنچىلىقى بىلەن شەرقى تۈركىستاننىڭ يېقىنقى تارىخىدا نەچچە يۈز مىڭلاپ ۋەتەنداشلارنىڭ قانلىرى بەدىلىگە كەلگەن قەشقەردە قۇرۇلغان « شەرقى تۈركىستان ئىسلام جەمھۇرىيىتى » ۋە غۇلجىدا قۇرۇلغان « شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جەمھۇرىيىتى » دەك ئۇلۇغ دۆلەتلەر بىر ـ بىرلەپ قولدىن كەتتى. ئەمدى دۈشمەن ئىشىك ئالدىدا. ئۇ قانلىق ئايىغىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، تەگرى تاغلىرىدىن ئاتلاپ، غەربى تۈركىستانغا كىرمەكچى. بۈگۈنكى كۈندە ئانا تارىخ بىزنىڭ ئالدىمىزغا يەنىلا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئالدىغا قويغان يەنە شۇ بىرلا سۇئالنى ئەڭ مۇھىم مەسىلىنى قويۇۋاتىدۇ.ئۇ بولسىمۇ « تۈرك مىللەتلىرى بىرلىشىپ ئۆز ھاياتلىرىنى قوغدامسىلەر، يا بولمىسا، يات باسقۇنچىلارغا بىر ـ بىرلەپ يەم بولۇپ، دۇنيادىن ئىزسىز يوقىلامسىلەر ؟ » دىگەندىن ئىبارەت. تارىخ رىناللىغى چوقۇم بىزنى جاۋاپ بەرگۈزىدۇ. يا دۈشمەنگە يەم بولۇپ يوق بولۇش ياكى ئاياغ ئاستى قىلىنغان ئار ـ نومۇسىمىزنى ئاقلاپ، مۇستەقىل ياشاش . ئەلۋەتتە، بىزد دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە، ئىجات قىلىش ئىقتىدارىغا، كۈرەش بىلەن قوغدۇنۇشقا قابىلمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ پەخرىمىز بەش تۈرك جەمھۇرىيىتى مۇستەقىل بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ . ئەڭ مۇھىمى ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىشىش مەسىلىسى. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «ئايرىلغاننى ئېيىق يەيدۇ، بۆلىنگەننى بۆرە » دەپ تەلىم بىرىدۇ. مىسىلىك ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىشەيلى دىگىنىم ھازىرقى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ ھالەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ بىر تۇران ئىمپىرىيىسى قۇرۇش ئەمەس، تارىختا بوۋىلىرىمىز ئوغۇز، ئافراسىياب،

شۇنىڭدىن مەلۇمكى بىزنىڭ قەھرىمان، لەقىللىق نەجداتلىرىمىز مىڭ يىللاردىن بۇيۇنلا ئىچكى تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش تارىخلىرىدا تۈرك خەلقىنى ئويغۇتۇپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تۈرك خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق نەۋدادى ۋە نەۋلادى قەست دۈشمىنى بولۇپ كەلگەن خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىككىلەنمەي، مۇرەسسەسىز قەتئى كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى بۇيۇندىنلا ئىبىتىپ كەلگەن. لىكىن كىيىنكى دەۋرلەردە بەزى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قانلىق تەجرىبە ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ، شۇنىڭدىن پايدىلانماي، ئىبرەت ئالماي، دۈشمەنىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، سەۋەنلىك بىلەن مەنمەنچىلىككە بىرىلىپ، بىرلەشمىگەنلىكى ئۈچۈن پايانسىز تۈرك يەرلىرى دۈشمەنىنىڭ ئاياق ئاستىدا قالدى. نجداتلىرىمىزنىڭ دەريالاپ ئاققان قانلىرىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن تۈركىستانىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان شەرقى تۈركىستان خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىدا ھازىرغىچە ئىزىلىۋاتىدۇ.

بۇندىن بىر نەچچە ئەسىرلەر بۇرۇن، خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىش ھەركەتلىرىنى توغرا كۆزىتىپ، ئاقىلانە خۇلاسە چىقارغان خىنايدىن شۇنچە يىراقتىكى نەقىللىق پولشا خەلقى، « خىتاي بىلەن پولشا لوتتۇرسىدا روسيە بولغىنى ئۈچۈن روسيەگە رەھمەت ئىبىتىشى كىرەك » دىگەن ئەقلىيە سۆزىنى ئىجات قىلغان ئىدى. بۇ سۆزلەر ئاددىغىنا ئاڭلانغىنى بىلەن ئۇ لۆزىدە بىر ھەقىقەتنى ـ خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق خارەكتىرىنى يىغىنچاق، مەزمۇنلۇق قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى بىلەن ئىممەتلىكتۇر. ئەنە شۇنداق رەھمەت، ھۆرمەتكە مۇناسىپ شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۆتكەن ئەسىرلەردە غەربى تۈركىستان ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توساپ تۇرىدىغان پاسىل تام ـ مۇستەھكەم قەلئە بولۇپ كەلگەن ئىدى. شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قان ـ تەر ياشلىرى بىلەن دۈشمەنىنىڭ

بۇيرىسا ، يېقىن كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان كونفېدېراتسىيونى ھەققىدە دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئادالەتپەرۋەر دۆلەتلەر توغرا تونۇش، ياخشى ئۈمىتلەردە بولۇۋاتسا، ئاجىز دۆلەتلەرنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە زورايغان بەزى ئىمپېرىيالىستلارنىڭ ھۆكۈمران گورۇھلىرى ھازىردىنلا ئالا ـ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، جامائەت پىكرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇپ، تۈركىستان فېدېراتسىيونىنىڭ قۇرۇلۇشىغا جان جەھلى بىلەن قارشى تۇرماقتا. بۇلارنىڭ چۈشەنچىسىچە تۈركىستان فېدېراتسىيونى قۇرۇلسا، دۇنيا ئاستىن ـ ئۈستىن بولۇپ كېتەرمىش، دۈشمەنلەرنىڭ غەرىزى شۇكى، ئۇلار تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىرلىشىپ، ئىتتىپاق بولۇپ قۇدرەت تېپىشىدىن قاتتىق قورقىدۇ. بۇ جاھانگىرلار ھىلمۇ پايانسىز تۈرك يەرلىرىنى ئىشغالىيەت ئاستىغا ئېلىپ، مەزلۇم خەلقنىڭ قان تەر، ياشلىرى بەدىلىگە ئۆزلىرىنىڭ جەننىتىنى قۇرۇپ ئالدى. ئۇلار بۇ يەرلەردە بولۇپمۇ شەرقى تۈركىستاندا ئىنسان ئاڭلاپ باقمىغان، كۆرۈپ باقمىغان ئۇسۇل چارىلار بىلەن خەلقنى ئەزمەكتە. ئۇلارنى دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقتىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكتە، قىرماقتا، ئەنە شۇنداق قاباھەت زۇلۇم ئاستىدا شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلىتالمايۋاتىدۇ، مانا بۈگۈن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاۋازىنى، ئاھ ـ زارىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش، ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز ۋەتىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدە ئۇلارغا تەشۋىقات قىلىش غەربى تۈركىستاندىكى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن دۆلەتلەرنىڭ ۋە كەلگۈسىدىكى قۇرۇلماقچى بولغان تۈركىستان كونفېدېراتسىيونىنىڭ بوينىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان قىرىنداشلىق قەرزى. تۈرك خەلقلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى مانا مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىشىدىن قورقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بەزىدە ئالداش، بەزىدە پوپوزا قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىۋاتىدۇ. ئەمدى تۈرك خەلقلىرىنىڭ قۇرۇش ئالدىدىكى كونفېدېراتسىيوسى تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە، ھازىرقى

مۇقان قاغان، قۇتلۇق بىلگە قاغان، سۇتۇق بۇغراخان، ئىمۇرلەڭلەر ئۆز كۈچ قۇدرىتىگە تايىنىپ چىبچىلىپ تۇرغان تۈرك قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، دۇنيا تارىخىدا مەشھۇر سۇلالە، دۆلەتلەرنى قۇرغان. بۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن تارىختىن ئىبارەت.

ھازىرقى ۋاقىت يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ھارپىسى ـ ئاتوم دەۋرى. بىزگە فېوۋدال كۈچى، زورلۇق كۈچى لازىم ئەمەس. بىزگە لوتتۇرا ئەسىرنىڭ زورلۇقلىق ئۇرۇشلىرى بولۇپمۇ قېرىنداش خەلقلەر ئەتتۇرسىدىكى قان تۆكۈشلەر كېرەك ئەمەس.بىزگە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ جاھالىتىگە پاتقان، دىنى پاناتىك ـ فونداىسنتالىستلارنىڭ زۇلمەتلىك تۈزۈملىرى كېرەك ئەمەس. بىزگە دىموكراتىيەنى ئاساس قىلىپ، ئىنسانى ھوقۇقنى قەدىرلەيدىغان، دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋيەسىنى نىشان قىلىپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، تۈركىستان دۆلەتلىرىنىڭ تەڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تەمىن قىلىپ، مەزلۇم تۈرك ئەللىرىنى قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشقا ياردەم قىلىدىغان ئەركىن، ھۆر، قۇدرەتلىك تۈركىستان كونفېدراتسىيىسى كېرەك. تۈركىستان فېدراتسىيىسى قۇرۇلىدىكەن ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ روھى ئەمىلىلەشتۈرىلىدىكەن يەر تالىشىش، بايلىق تالىشىش، مەنسەپ مەنپەئەت تالىششلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئەدرىجى يوقۇلۇپ، بىر ـ بىرىنى دۈشمەن كۆرۈش، « مىنىڭ ـ سىنىڭ » دەيدىغان خاھىشلار « مەن ئانداقچى سەن مۇنداقچى » دىگەن يەرلىك مەھەللىۋى قاراشلار تۈگۈتۈلۈپ تۈركىستاندا ياشىغۇچى بارلىق خەلقلەر تىنىچ، خاتىرجەم، بەختلىك، باياشات، قېرىنداشلار بىرلەشكەن ئاجايىپ تۇرمۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ ئىنشائاللاھ... ھازىر دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا رايون خاراكتېرلىك تۈرگۈن كونفېدراتسيونلار قۇرۇلدى ۋە قۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئىمىشقا يەرلىرى بىر ـ بىرىگەتۇتاش، خەلقلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇق ـ تۇغقان، كىلىپ چىقىشى، دىنى، تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى بىر بولغان تۈركىستان خەلقلىرى بىرلىشەلمەيدۇ؟ تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئىبخى قۇرۇلمىغان، جانابى ئاللاھ

بەختى، پارلاق كېلەچەكى ئۈچۈن تۈركىستان كونفېدراتسىيونىنى قۇرۇڭلار !... ئامىن.

ئاۋروپالىق ئەجنەبىلەر قىلغاننى سىزلەر قىلالامسىلەر؟ سىزلەر چوقۇم بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسىلەر. سىزلەرگە ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى يار.سىزلەرنى پۈتۈن خەلق قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ، دەۋرنىڭ تەلىۋى.

مەن يۇقۇردىكىلەرنى قىزىل خىتاي ئىمپىرىيالىزىمىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ياشاۋاتقان بىر شەرقى تۈركىستانلىق سۈپىتىم بىلەن يازدىم. ۋەتىنىمىنىڭ مۇستەقىللىقى تېخى ئەمەلگە ئاشمىدى. سىزلەرنىڭكىدەك مۇستەقىل بايراقلىرىمىز زۇمرەت ئاسماندا ئەركىن يەلپۈنۈپ تۇرغىنى يوق. دۆلەت مارشىمىز جاراڭلىغىنى يوق، ئۆز گېزىت، ژورنال، رادىيو، تېلېۋىزيونلىرىمىز يوق.قەھرىمان تۈرك مىللىتىمىزنى مەدھىيەلەش، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا مەتبۇئات ئەركىنلىگىمىز يوق. بىزدە ئەھۋال سىزلەرنىڭكىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە. يۇقۇردىكىلەر ئۈچۈنلا بىزدە ئاللىقاچان كاللا كېتىدۇ ياكى زىندانغا تاشلىنىدۇ. شۇ شارائىتتا خەلقىم نامىدىن بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. قېنى بۇ خەتنى بايرىقى، دۆلەت قوشۇنى، دۆلەت نامى بار بىر مۇستەقىل تۈرك دۆلىتىڭىزنىڭ دېموكراتىيەسى بار دىيىلىۋاتقان گېزىت ـ ژورنالدا ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلالامسىز؟ مېنىڭچە بۇ سىزنىڭ تۈركىستان خەلقىگە قىلغان ئەقىدىڭىز بىلەن ئېلان قىلغان مۇستەقىللىقىڭىزنىڭ ماھىيىتىگە باغلىق. قانداقلا بولمىسۇن سىزدىن جاۋاپ كۈتىمەن.

سىزگە تۈركىستانلىق ـــ قېرىنداشلىق سالىمى بىلەن:

سىزنىڭ مەزلۇم شەرقى تۈركىستانلىق قېرىندىشىڭىز.

( ئۇيغۇرچە «شەرقى تۈركىستان ئاۋازى » 94 ـ يىلى 39 ـــ 40 ـــ سانلار. ماقالە 92 ـ يىل ئاپرېلدا يېزىلغان . )

مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە دۇنيا ئەلئۆلگىسىگە ماس ئىكەن ئىمە ئۈچۈن ئۇنى كىچىكتۈرگۈلۈك؟ قاچانغىچە ئۆزىمىزنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ ئىمپىرىيالىستىك دۆلەتلەردىن قورقىمىز؟ ھازىر ھەتتا ياۋروپادەك چوڭ قىتئەدىكى بارلىق دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىللىرى، دىنلىرى، ئۆرپ — ئادەتلىرى، تارىخى، جۇغراپىيەلىك ئورۇنلىشىشىنىڭ پەرقلىرىگە قارىماي، « ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى » نى قۇرۇپ ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ چېگرالىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەتتا بىرلىككە كەلگەن بىر خىل پۇلنى ئىشلىتىش ئالدىدا تۇرۇپتىغۇ؟ ناھايەتكى بىر تۈرك نەسلىدىن بولغان تۈركىستاندىكى دىنى، تىلى، ئۆرپ ئادىتى، تارىخى، مەدەنىيتى ئۈچىشاش جۇغراپىيۋى بىرلىككە ئىگە بىر قانچە مۇستەقىل تۈرك دۆلەتلىرى دۇنيا يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرگە قەدەم قويىۋاتقاندا، يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئودال بەگلەرنىڭ ئادائىلىغىنى، سەۋەنلىكىنى قىلىپ، تۈركىستان خەلقىنى بەختسىزلىككە ئۈچرىتىپ، بىر تۈركىستان كونفېدىراتسىيىسىگە ئۇيۇشالمىسا، ئۆتكەن ئەجداتلىرىمىز، بۈگۈنكى ئەۋلاتلىرىمىز، ھازىرقى دۇنيادىكى دوست — دۈشمەنلىرىمىز ئالدىدا ئۇيات ئەمەسمۇ؟

قېنى ئۇ ئىنسانغا، تۈرك مىللىتىگە، ئىسلام دىنىغا خاس غورۇرىمىز ھەم ئىمانىمىز؟ قېنى ئۇ بىزنىڭ ھىلمۇت كول، فرانسۇۋا ميتران ۋە مارگىرىت تاتچىرلىرىمىز؟ غەربى تۈركىستاندا مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ئوبدان ئويلىنىدىغان، ئەجداتلىرىمىز ئارزۇ قىلغان، ئەۋلاتلىرىمىز تەلەپ قىلىۋاتقان مۇقەددەس تۈركىستان كونفېدىراتسىيونىنى قۇرۇش ۋاقتى كېلىپ يەتتى...

ھۆرمەتلىك رەھبەرلىرىمىز - قېرىنداشلىرىمىز: يانتقان بولسىڭىز تۇرۇڭ! تۇرغان بولسىڭىز يۈرۈڭ. قېرىنداشلارنى بىرلىشىش يىغىنىغا چاقىرىڭ. ئاللاھ ھەققىدە. دىنىمىز ئىسلام، تۈرك قېرىنداشلىغىمىز، قۇللۇقتا ياتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن. پۈتۈن تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئەركىنلىك —

1865 ـ يىلى تۈركىستاننىڭ غەربى قىسمى چار روسىيەسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ « غەربى تۈركىستان » دەپ ئاتالدى. كېيىن 1920 ـ يىلى س س س ر قۇرۇلغاندا غەربى تۈركىستان 5 رىسپۇبلىكىغا : قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستانلارغا بۆلۈنۈپ، ئۆتكەن يىلى خەلقنارا نەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىشى، سابىق سوۋېت ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاغدۇرۇلىشى بىلەن بۇ تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىللىققا ئېرىشتى.

ئەمدى تۈركىستاننىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان شەرقىي تۈركىستان 1876 ـ يىلى خىتاي مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئىستىلا قىلىنغان. ئۇنىڭ نامىنى قانۇنسىزلارچە خىتايچە « شىنجاڭ » ( يېڭى ئوپراق، يېڭى مۇستەملىكە ) گە ئۆزگەرتتى. ھازىر قىزىل خىتاي ئىمپېرالىزمى تەرىپىدىن ( شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ) دەپ ئاتالماقتا.

2 مىلىيون مۇرەببە كىلومېتىرغا يېقىن تۇپراقتا ئىككە 20 مىلىيوندىن ئوشۇق ئۇيغۇر تۈركلىرىنى ئاساس قىلغان دۇنيا تۈركلىرىنىڭ ئانا يۇرتى ۋە دۇنياغا داڭ چىقارغان تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ مەركىزى، دۇنيا تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بۆشىگى، ئىستىراتېگىيەلىك مۇھىملىقى بىلەن ئاسىيادا ئاچقۇچلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئاسىيانىڭ يۈرىگىگە جايلاشقان يېرى كەڭ، بايلىقى مول شەرقىي تۈركىستان بۈگۈن دۇنيا 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقاندىمۇ يەنىلا قىزىل خىتاي جاھانگىرلىرىنىڭ زۇلمىدىن ئازات بولالمىغانلىقى يالغۇز شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىگىلا ئەمەس، پۈتۈن تۈركىستان خەلقلىرىگە زور قايغۇ ـ ھەسرەت كەلتۈرۈپ، دۇنيا تىنچلىقى، ئېكولوگىيلىك تەڭپۇڭلۇقىغا زىيان ئەھدىد سېلىپ، بالايى ـ ئايەتلەر ئوچىغى بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ...

بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى جان ئالىشىپ، ئۆزىنىڭ مىللى

# شەرقى تۈركستان داۋاسى ــ ھۆر ــ ئەركىنلىك، ھەق ــ ئادالەت داۋاسىدۇر*

## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ:

بىز چەتئەللەردە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار رەھىمسىز زامانىنىڭ زورلىغى، قارا تەقدىرنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى بىلەن جاھانىنىڭ ھەرقايسى بۇرجەكلىرىگە تاشلانغان بولساقمۇ، قەلبىمىزدىكى بىر مۇقەددەس نىيەت ــ ۋەتەن دەردى, مىللەت قايغۇسى ئۇزۇن ۋاقىتلار ۋە يىراق مۇساپىلەر توسالغۇلىرىنى يېڭىپ، بىزلەرنى سىزلەر بىلەن يەنىلا بىرلەشتۈرمەكتە . ئۆزىمىز گەرچە ئانا يۇرتىمىز شەرقى تۈركىستاندىن ئونمىڭلارچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتساقمۇ قىزىل خىتاي جاھانگىرلىرىنىڭ قۇللىغى ئاستىدا ۋەتەن، خەلقىمىزنىڭ تارتىۋاتقان ئازاپ، قايغۇ، خورلۇقلىرى بىزنى قاتتىق ئازاپلىماقتا. خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈۋاتقان فاشىستلارچە ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى بىزنى قاتتىق غەم ـ ئەندىشىلەرگە سېلىپ، بىزنى بىئارام قىلماقتا. مۇشۇ سەۋەپتىن قەلبىمىزدە قىزىل خىتاي جاھانگىرلىرىگە قارشى غەزەپ نەپرىتىمىز قايناپ تاشماقتا ھەم ۋەتىنىمىزنى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ قانلىق زۇلمىدىن ئازات قىلىش قارارى بارغانسىرى مۇستەھكەملەنمەكتە. « تۈركىستان » دەپ ئاتالمىش بۇ ئۇلۇغ تۇپراق دۇنيا تۈركلىرىنىڭ ئانا يۇرتىدۇر. بەختكە قارشى

* بۇ ماقالىنىڭ قىسقارتىلمىسى 1992 ــ يىلى 12 ــ 14 ــ دېكابىرلاردا ئىستانبۇلدا ئېچىلغان بىرىنجى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى ئېچىلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن .

يوقۇتۇپ تاشلاش ئۈچۈن، 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شەرقىي تۈركىستانغا 200 مىليون خىتاي كۆچمەنلىرى يەرلەر شتۈرۈشنى پىلانلىدى. ھازىرقى كۈندە خىتاينىڭ ستاتىسكىسى بويىچە كۈنگە 7000 دىن ئوشۇق خىتاي كۆچمەنلىرى كىرىۋاتىدۇ. دۇنيادا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان سۈرئەت بىلەن خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ توپان بالاسىدەك شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرىشى ئۆز ۋەتەنلىرىدە ئەلمىساقتىن بېرى ياشاپ كەلگەن تۈرك خەلقلىرىگە ئېيتىپ تۈگەتكىسىز بالايى ـ ئاپەت، ئىشسىزلىق، كىسەللىكلەرنى ئېلىپ كىلىپ ئۇلارنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىنى يوقۇتۇش ئالدىدا تۇرماقتا...

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىنى يوقۇتۇش سىياسىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تارمىغى تۇغۇتنى مەجبۇرى كونترول قىلىش سىياسىتىدۇر. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاش ئۈچۈن بىر ئائىلىلىك ئەر ـ خوتۇننىڭ پەقەت بىر ياكى ئىككى باللىق بولۇشىغا يول قويۇپ، يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۈسۈشىنى قاتتىق چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن تىزگىنلىمەكتە. ئاپتونوم رايونى، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلار ھەتتا مەھەللىلەر بويىچە تۇغۇتنى چەكلەش، «تۇغۇتنى نازارەت [illegible]» گورۇپىلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ئون مىڭلاپ، يۈزمىڭلاپ خىتاي مەمۇرلىرى بۇ ئىشنى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلىمەكتە. ھەتتا يىراق يېزىلار، [illegible] داۋاللاردىكى ئېغىر ئاياق بولۇپ قوسىقى يوغانلىغان ئاياللارنى كۆرگەن خىتاي ئەمەلدارلىرى «ئولجا» نى كۆرگەن ئوۋچىلاردەك خوش بولۇشۇپ، ئۇ ئاياللارنىڭ ئۆزى، ئەرلىرىدىن رۇخسەت ئالماي، قانچىنچى بالىسى ئىكەنلىكىنىمۇ سورىماي، ماشىنا ھارۋىلارغا بېسىپ دوختۇرخانىلارغا ئەكىلىپ، تىببى ئىلىمغا مۇۋاپىق، ئىنسانغا قىلىدىغان مۇئامىلە بىلەن ئەمەس، بەلكى ھايۋانغىمۇ قىلىنمايدىغان فاشىستىك ئۇسۇللار بىلەن ئاياللارنىڭ

مۇجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھايات ـ ماماتلىق كۆرەش ئېلىپ بارماقتا. قىزىل خىتاي ئىمپېرىيالىستلىرى تارىختا ئۆتكەن خىتاي فېئوداللىرىنىڭ مۇستەمىلىك جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئېزىشتا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىنى يوقۇتۇپ، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشتا ئۆزلىرىنىڭ جاللات بوۋىلىرىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى...

شەرقىي تۈركىستان ئاتالمىش بۇ تۈرك دۇنياسىنىڭ ئانا يۇرتى ۋە ئۇنىڭ قەھرىمان خەلقىنى سىياسى جەھەتتىن جاھىل ـ نادان ھالەتكە كەلتۈرۈپ سىستىماتىك تۈردە ئاسسىمىلاتسىيون سىياستىنى يۈرگۈزۈپ، تۈرك خەلقلىرىنى مەجبۇرى خىتايلاشتۇرماقتا. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىگە « ئاپتونومىيە بەردۇق » دېگىنى بىلەن بۇ ئاپتونومىيە دېگەن ئالدامچى سىياسەت ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ قوللىرىدا بۇرۇندىن بولۇپ كەلگەن سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدەنى، دىنى ھوقوقلىرىنى پاك ـ پاكىزە قىلىپ بىرنى قويماي تارتىپ ئالدى. 1949 ـ يىلغىچە 10 مىليونغا يېقىن ( خىتاينىڭ خاتا ستاتىستىك رەقەملىرىدە 5 مىليون نەتىراپىدا ) بولغان شەرقى تۈركىستان تۈركلىرى ئۆز ئۆپرىغىدا ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكىنى 1948 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا چىقىدىغان خىتايلارنىڭ گېزىتى بولغان « شىنجاڭ گېزىتى » خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپوسى نومومى ئاھالىنىڭ 4% نى ئىگەللەيدۇ، دەپ يازغان بولسا 1985 ـ يىلى خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپوسىنى يەنە شۇ گېزىتى % 48 دەپ ئېلان قىلدى. 1983 ـ يىلدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان « غەربىي شىمالنى ئېچىش » يەنى « شىنجاڭنى (شەرقىي تۈركىستاننى ) ئېچىش » دېگەن باسقۇنچىلۇق، چوڭ خىتايلىق ئاسسىمىلاتسىيە سىياستىگە ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتايلاشتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلاشتۇرۇش، تۈركلەرنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىنى

جىددى تەلەپلىرىگە قۇلاق سالغىنى يوق. ئۇنىڭ 1995 - يىلى 28 - ماي كۈنى شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان ئاتوم سىناقلىرىغا قەدەر 200,000 تۈركنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى شۇ سۆزىمىزنىڭ رەت قىلغۇسىز دەلىلىدۇر.

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى يۈرگۈزگەن ئاشۇ فاشىستىك چارىلەر تۈپەيلىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركلەرنىڭ ئاھالە ئۆسۈشى توختاپ. نوپۇس سانى ئازىيىشقا قاراپ ماڭدى. شەرقىي تۈركىستان ئۆزىنىڭ يەر ئۈستى. يەر ئاستى ھەرخىل بايلىقلىرىنىڭ تۈرلىرىنىڭ جىقلىقى. بۇ بايلىقلارنىڭ زاپىسىنىڭ كۆپلىگى بىلەن دۇنياغا مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش. مىس. تۆمۈر، كۆمۈر، نېفت، نوران، رەڭلىك مىتال، قىزىلما بايلىقلىرى ھەم بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، پاختا، مال - چارۋا، قوغۇن، تاۋۇز مېۋىلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولسمۇ، بۇ بايلىقلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە زور بالايى ئاپەت ئېلىپ كەلمەكتە. ئۇ يەردىكى تۈركلەرنىڭ %80 كەمبەغەللىكنىڭ تۆۋەن دەرجىسىدە ياشاپ، يىللىق كىرىمى كىشى بېشىغا 45 - 50 دوللاردىن توغرا كېلىدۇ. مەملىكەتنىڭ سىياسى ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدەنى، قانۇنى، گىراژدانلىق ھوقوقلىرىغا خىتايلار ئىگىدارلىق قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى % 90 مۇھىم ئورۇنلار خىتاي ئىشغالىيەتچىلەر تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنغان، خىتاي كۆچمەنلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم دۆلەت ئورگانلىرىنى مونوپولىيە قىلىپ قالماستىن، ئۆلكىدىن ۋىلايەتلەرگىچە، ناھىيەلەردىن يېزىلارغىچە بولغان شەرقىي تۈركىستان ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلەرگىچە بولغان ئورۇنلارغا ئۆز كونتروللىغىنى ۋە تەسىرىنى كىرگۈزگەن.

شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللى مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشى ئىنتايىن ئاستا بولۇپ، توختاپ قېلىش ھالىتىدە. ئونمىڭلىغان، يۈزمىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق ياش ئۆسمۈرلەر ئوقۇشسىز قالماقتا. تۈرمۇش قىيىنچىلىقى

قورسىقىنى يېرىپ، 6 ـ 7 ئايلىق بوۋاقلارنىمۇ ئېلىپ تاشلىماقتا. ئىككى قات ئاياللارنى دوختۇرخانىلاردا تەكشۈرۈش تۇغدۇرۇش جەريانىدا بوۋاقلارغا ئوكۇل قويۇپ، ياكى دورا بېرىپ ئۆلتۈرمەكتە. تۇغۇتلۇق ئاياللار بولسا ئوپېراتسىيە جەريانىدا ياكى ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ھەر خىل كېسەللىكلەر بىلەن ئۆلمەكتە...

ئەڭ دەھشەتلىك يېرى شۇكى : شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمانلارغا مەخسۇس ئىشلەنگەن كەمپىت، پېچىنە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قوشۇمچە يېمەكلىكلەرگە، تۇغماس دورىلىرىنى قوشۇپ خەلقىمىزنى زەھەرلىمەكتە. يىگىتلىرىمىزنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە قۇرۇپ بالا تېپىش مەسىلىلىرىگىمۇ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئائىلىلىرى بۇزۇلۇپ، خانىۇ ـ ۋەيران بولىشىغا، ھەر خىل روھى كېسەللەرگە گىرىپتار بولىشىغا سەۋەپ بولماقتا.

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جىسمانەن ئۆلتۈرۈپ تۈگۈتۈش فاشىستىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، يۇقىرىقى ۋەھشىلارچە ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللانغاندىن سىرت، 30 يىلدىن بۇيان « بىر داڭگالدا ئىككى پاختەكنى ئۇرۇش » ئۇسۇلىنى قوللۇنۇپ، بىر تەرەپتىن ئۇ شەرقىي تۈركىستاننى ئاتوم پولىگونىغا ئايلاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنى تۈگۈتىشنى ئويلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىپ دۇنياغا خوجا بولۇش سۇيقەستىگە يېتىش ئۈچۈن ۋە ئۆزىدىن باشقا مەملىكەتلەر ئۈچۈنمۇ ۋەتىنىمىزدە ئارقا ـــ ئارقىدىن توختىماي ئاتوم سىناقلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقلىمى، سۇ، تۇپرىقى بولغىنىشتىن سىرت، ئۇنىڭ خەلقى ئاتوم رادىئوئاكتىپ نۇرلىرى بىلەن زەھەرلىنىپ، بۇرۇن ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان راك كېسەللىكلىرى بىلەن قىرىلماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان ۋە دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ئاتوم سىناقلىرىنى توختۇتۇش

دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئۈلمەس مەدەنىي مىراسلىرى دەپ ئاتالغان ئاسارە ـ ئەتىقىلىرىمىزنى جاھان ئەھكار ئاممىسىدىن قىلچىمۇ ئەيىپ ئارتماي ھە دەپ ئۆزگەرتمەكتە، يالغان تارىخ ياسىماقتا...

خىتاي ئىمپېرىئالىستلىرى بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قولىدىكى بار بولغان پۈتۈن بارلىقىنى تارتىپ ئېلىپ، ئەقەللىسى، ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ « شەرقىي تۈركىستان » دەپ تارىخى ئىسمىنى ئاتاپ، ئۆزىنى « مەن تۈرك » دېيىشكىمۇ يول قويماياۋاتىدۇ . شەرقىي تۈركىستانغا خىتايلار زورلۇق بىلەن قويغان ئىسىم « شىنجاڭ » نامى بىلەن ئاتىماقتىن ئىبارەت ئىپلاس ھاقارەتنى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋە دۇنياغا زورلاپ تېڭىۋاتىدۇ. بىز بۈگۈن ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئانا تىلىمىز بىلەن ئاتاشتىن مەھرۇممىز. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى تۇرغۇن ئالماس « ھونلار »، « ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى »، « ئۇيغۇرلار » دېگەن كىتاپلارنى يازغانلىقى ئۈچۈن ھازىرىمىزدا قاماقتا بولۇپ، ھەر سائەت، ھەر مىنۇتنى خىتاي باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن كېلىدىغان ئۆلۈم تەھلىكىسى بىلەن ياشاۋاتىدۇ. پىشقەدەم يازغۇچىمىز تۇردى سامساق خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ھەقىقى ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ قانلىق زۇلمىدىن دەرت ـ شىكايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن يېقىندا زەھەرلىك سۈيقەست بىلەن دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى.

شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام دىنىمىز بىزنىڭ بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاشتىكى مۇھىم قۇراللىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. شۇڭلاشقىمۇ خىتاي ھۆكۈمرانلىرى « جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا » دېگەندەك قىرق يىلدىن بېرى بىزنىڭ ئولۇغ دىنىمىزنى ھۇجۇم قىلىش نىشانى قىلىپ، ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھىمىز، پەيغەمبىرىمىز، دىنى ئۆرپ ـ ئادەت، ۋە مەسچىتلىرىمىزگە كەلتۈرگەن ھاقارەتلىرى، زۇلۇملىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. پەقەت

تۈرلۈك سىياسى بىسىملار بىلەن تۈرك ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تۈزۈك ئوقۇيالمايۋاتىدۇ. ھازىر ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار خىتايلارنىڭ ھەر 10000 كىشىگە 5 . 15 توغرا كەلسىمۇ، تۈركلەردە ھەر 10000 كىشىگە ئارانلا 7 دىن توغرا كىلىدۇ. ئەشۇ ئەڭ ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش تۈگەتكەندىن كيىن ئىش تاپالماي ئىشسىزلار قاتارىغا قوشۇلماقتا. مائارىپ جەھەتتىن 51 ـ 52 ـ يىللىرى خىتاي بويىچە مانجۇرىيە ( دوڭبېي ) دىن قالسا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان شەرقىي تۈركىستان بۈگۈن مائارىپ بويىچە ئارقىدىن سانىغاندا 1 ـ 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. خىتاي كومۇنىستلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 40 يىلدىن كيىن ساۋاتسىزلىق تۈگۈتۈلۈشنىڭ ئورنىغا، ھازىر چوڭلار ئارىسىدا يەنىلا %60 گە يېقىن كىشىلەر ساۋاتسىز ھىساپلىنىدۇ. ساۋاتلىق دىگەن تەغدىردىمۇ ئانىسىنىڭ خىتىنى بالىسى، بالىسىنىڭ خىتىنى ئانىسى تونۇمايدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرى بۈگۈنكى زامانىۋى ئەدەبىيات، سەنئەت، ئىلىم ـ پەنلەردىن خەۋەرسىز ھالدا ياشايدۇ. نەشرىيات ئورۇنلىرىدا چىقىرىلغان گىزىت، ژورنال، كىتاپلارنىڭ % 16 ئىلا تۈركى تىللاردا، ھەتتا بۇ يەردە زامانىۋى قامۇس، تۈركى تىللاردىكى لۇغەتلەر، ئىلىم ـ پەن كىتاپلىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

ئىلىم خادىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خىتايلار بولۇپ، ئۇلار تۈركلەرنىڭ تارىخى، مەدىنىيتى، ئارخىئولوگىيە، فولكلور ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە توختىماي كىتاپلار يېزىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شانلىق تارىخىنى بۇرمىلىماقتا، ئۇنىڭ ئۆلمەس قەھرىمان روھىنى خۇنۇكلەشتۈرمەكتە. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تارىخىنى يوشۇرۇش ۋە بۇ ئۆلكىگە بولغان ئىگىدارچىلىقىنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك يالغان تارىخلارنى يېزىپ [illegible] ھەتتا باي قىزىلدىكى قارا غوجا بىزەكلىكتىكى، دوڭخۇاڭدىكى بۇرۇندىن تارتىپ

ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ ۋەيلون دوزاخىغا ئايلاندى. پۈتۈن خىتاي بويىچە 980 ئېغىر ئەمگەك جازا لاگېرى بولسا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ 19 جازا لاگېرى شەرقىي تۈركىستاندا بولۇپ، 80 مىڭدىن ئوشۇق تۈرك سىياسى مەھبۇسلىرى مۇشۇ جازا لاگېرلىرىدا ئازاپ چەكمەكتە. قىسقىسى دۇنيا 21 - ئەسىرنىڭ بوسوغىسىغا ئاتلاش ئالدىدا تۇرىۋاتقان. ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرى شۇنچە قەدىرلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە قىزىل خىتاي زۇلمى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋەتىنى مۇنقەرىز بولۇپ مىللى مەۋجۇدىيىتىنى يوقۇتۇش تەھلىكىسىدە. ئىنسانلار بۈگۈنكى كۆنگچە كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان قايغۇ ئازاپ. زورلۇق - زومبۇلۇق ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ.

ئۆزىنىڭ تاشقى ئەللەر بىلەن مۇناسىۋىتىدە ئىككى يۈزلۈك سىياسەت قوللانغان خىتاي ھۆكۈمرانلىرى دۇنيا ئەپكار ئاممىسىنى ئالداپ. دەرىجىدىن تاشقىرى مەملىكەتلەرگە خۇشامەت قىلىپ. بىر قىسىم دۆلەتلەرنى ئاز تولا مەنپەئەتلەرنى بىرىش ئارقىلىق ئۆزىگە تارتىپ. ئاجىز مەملىكەتلەرنى پوپوزا قىلىپ قورقۇتۇپ. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاھ - زارىنى سىرتقا چىقارمايدىغان قىلىپ شەرقىي تۈركىستاننى سىرلىق كوھقاپقا ئايلاندۇرىۋالدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا يەرلىك خەلقىنىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىغا قارشى خىلى چوڭ - چوڭ قۇراللىق قارشىلىقلىرى بولۇپ ئۆتتى. مۇستەقىللىق. دېموكراتىيە ئۈچۈن كۆرەش قىلغان شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككى مىڭلاپ كىشىلەر جاللات خەلق ئازاتلىق ئارمىيسى تەرىپىدىن قانغا پاتۇرۇلغان بولسىمۇ. جاھان مەتبۇئاتى خىتاي تەشۋىقاتلىرىدا تەرغىپ قىلغان « قەشقەر ئارتۇش بارىندا بۆلگۈنچى ئونسۇرلاردىن يىگىرمە ئۈچ ئادەم ئۆلدى » دىگەنىدەك خەۋەرلەرنى كۆچۈرۈپ بىسىش بىلەن كۇپايىلاندى. يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ۋەتىنىمىز ئارىم ۋادىسىدا توختىماي

نون يىلدىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتى تاشقى سىياسەتتىكى دىپلوماتىيەنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن دىنى ئەركىنلىكنى شەكىلدە يولغا قويغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇشىغىلا رۇخسەت قىلىندۇ. قىزىق يېرى شۇكى، مەسچىتلەردە ئىماملار مۇسۇلمانلارنىڭ كومۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى بىجانىدىل ئىجرا قىلىش - پەرىز، دەپ تەشۋىق قىلىشقا زورلىنىدۇكى، ھەرگىزمۇ ھەقىقى ئىسلام قائىدىلىرىنى، شەرىئەت قانۇنلىرىنى تەرغىپ قىلىپ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئۆرپ - ئادەتلىرى ئاساسىدا ئەركىن - ھۆر ياشىشى ئۈچۈن تىلەكداشلىق قىلغۇچىلار تۈرمىلەرگە قامالماقتا، سۈيقەست قىلىنماقتا، يوق قىلىنماقتا.

زۇلۇم. ھاقارەت، ئەگسىزلىككە تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىشچى. دېھقان. ئوقۇغۇچىلار. زىيالىيلار. دىنى زاتلار قىزىل خىتاي جاھانگىرلىگىنىڭ فاشىستىك قىلمىشلىرىغا قارشى كۆرەشكە ئاتلاندى. 80 - يىلدىن 88 - يىلغىچە ئۈرۈمچى. ئاقسۇ. قەشقەر. خوتەن. ئىلى، بۆرتالا. قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە نۇن ئەچچە قېتىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارشىلىق قىلىش ھەركەتلىرى بولۇپ ئۆتتى. ھەتتا بېيجىن. شاڭخەي، شىنەندىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ نامايش قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆرىشىنى قوللىدى. يېقىنقى 1989 — 1991 يىلغىچە بولغان يېقىن ئارلىقتا قەشقەر، ئارتۇش. چۆچەك. بۆرتالا، پەيزئۋات، قاغىلىق ناھىيەلىرىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلار خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە قارشى مۇستەقىللىق ئۈچۈن قۇراللىق كۆرەشلەردە بولۇپ، جەڭ مەيدانلىرىدا مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئونمىڭلاپ ۋەتەنپەرۋەرلەر تۈرمىلەرگە ئېلىندى. خىتاي ئىمپىرىئالىستلىرى ماختاۋاتقان بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان ھەقىقەتەن خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا راھەت - پاراغەت كۆرىدىغان جەننەت باغچىسىغا ئايلانغان بولسا، ئۇنىڭ جاپاكەش يەرلىك خەلقى

دېرەك بەردى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى بويلاپ يېڭىدىن 14 رېسپوبلىكا دۇنياغا كۆز ئېچىپ، دۇنيادىكى يېڭى ـ كونا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ زۇلمىدا ئازاپ چېكىۋاتقان مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ ئازاتلىق كۈرەشلىرىگە تۈگىمەس ئىلھاملار بەرمەكتە. بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستانغا قوشنا دىنى، تىلى، مەدەنىيتى، كېلىپ چىقىشى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىر بولغان بەش تۈرك رېسپوبلىكاسىنىڭ مۇستەقىل بولىشى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىپ ياتقان قىزىل خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە زور تەھدىت بولۇپ تۇرماقتا. كوممۇنىزىمنى ئۆزىگە يېتەكچى ئىدىيە قىلغان قىزىل خىتاي جاھانگىرلىگىنىڭمۇ ئاقىۋىتى ئىنشائاللاھ نەق سوۋېت ئىمپىرىيەسىدەكلا بولىدۇ. خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى ئالساق خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى تۈرلۈك گورۇھلارنىڭ ھوقوق تالىشىش كۈرىشى كۈچىيىپ، ئارمىيە ئىچىدە بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى پەيدا قىلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئاساسى ھەربى خىراجەتلەرگە يۈزلەنگەنلىگى ئۈچۈن خەلق تۇرمۇشى، مائارىپى، مەدىنىيتى، پاراۋانلىغى قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇپتۇ. كومموُنىست پارتىيىسى بىر پارتىيە دىكتاتورلىغى سىياسىتىگە ئېسىلىۋېلىپ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا چوڭ خىتايچىلىق، ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىگى ئۈچۈن خىتاي كومپارتىيىسى، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلق نەزىرىدىن ئاللىقاچان چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئەمدى خىتاي خەلقىنى ھەربى كۈچ بىلەنلا بېسىپ تۇرۇپتۇ. مەملىكەت بويلاپ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ھەركىتى كەڭ ئەۋج ئالماقتا ھەم شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە قاتارلىق خىتاينىڭ مۇستەملىكىلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

مانا مۇشۇ مەملىكەتنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتىگە ئاساسەن بىز شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى ۋە ئۇنىڭ كېلەچىگى ھەققىدە قەتئى ئىشەنچ بىلەن شۇنى ئېيتالايمىزكى: شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى ھەرگىز

ئاتوم سىناقلىرى بولۇپ كىلىۋاتىدۇ. دۇنيا مەتبۇئاتىدا بۇ ئاتوم سىناقلىرىنىڭ كۆچىنى خىبلى تەپسىلى يېزىشىدۇيۇ، بۇ سىناقلاردىن شۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان تۈركلەردىن يۈزمىڭلەپ، ئىككى يۈزمىڭلاپ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈۋاتقانلىقى ھەققىدە غىڭ قىلىشمايدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلىنىۋاتقان مانا مۇشۇنداق ئىچكى تاشقى زۇلۇم، ئادالەتسىزلىكلەر نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە ھەرخىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر ھازىرقى ئىچكى تاشقى ۋەزىيەتنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىگە قاراپ ئۆزلىرىنىڭ سوبىكتىپ پەرەزلىرىگە ئاساسەن : « شەرقىي تۈركىستان تۈگەشتى، قىزىل خىتاي جاھانگىرلىگىنىڭ مەستەملىكچىلىگىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس دىسە، يەنە بەزىلەر ھازىرقى تىز ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ بەزى تەرەپلىرىگە قاراپ : « سوۋېت ئىتتىپاقىدا كومىنىزىم بەربات بولدى، قىزىل خىتاي جاھانگىرلىگىمۇ شۇ ھالاكەتلىك تەقدىرىدىن قىچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شەرقىي تۈركىستان تىز ئارىدا مۇستەقىللىققا ئىرىشىدۇ » دەپ قاراپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىققا ئىرىشىشتەك بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ناھايتى ئاسان، بەك تىز بولىدۇ دەپ پەرىز قىلىشىدۇ. بۇ دىگەنلىك بىرىنجىسى : چۈشكۆنلۈككە بىرىلىپ تەسلىمچىلىك يولىغا مىڭىش بولسا ئىككىنجىسى : ھەددىدىن ئارتۇق ئۈمىتۋارلىققا بىرىلىپ ئىشنى بەك ئاسان چاغلاش. بىز يۇقۇرقى ھەر ئىككىلا كۆز قاراشنى رەت قىلىمىز. ھازىرقى خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ۋەزىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ بەربات بولىشى بىلەن شەرقىي ياۋروپادا كۆتۈرۈلگەن ئەركىنلىك، دىموكراتىيە شامالىرى بىرلىن تىمىنى غولاتتى. بۇ دۇنيا سوتسيالىزىم ئىنجاتچىسى : « پولات قورغانى » ئاتالمىش سوۋېت ئىمپىرىيىسىگە ئەجەللىك زەربە بىرىپ دۇنيا كومىنىزىم ھەركىتىنىڭ سىستىما سۈپىتىدە يوقۇلىشىدىن

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستانغا خەلقئارا سەھنىلەردە ۋەكىللىك قىلالايدىغان دائىم بىر مىللىي كېڭەش قۇرۇپ چىقىپ، ئىنقىلاپنى ئومۇمىي يۈزلۈك قانات يايدۇرۇش.

مۇشۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەر ئورۇندالغان ئاساستا مەملىكەت ئىچى – سىرتى قىزىل خىتاي جاھانگىرلىكىگە قارشى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە دىپلوماتىيە مەسىلىلىرىدىكى كۈرەشلەرنى شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا تۆۋەندىكى چارىلەر بىلەن ئېھتىياتلىق، پىششىق، قەتئىي، ئەڭ ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك دەپ ئويلايمىز.

1 - شەرقىي تۈركىستانغا كىرىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرىنى توختۇتۇش.

2 - شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قارىتا تۇغۇتنى مەجبۇرىي چەكلەشنى توختۇتۇش.

3 - شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەر خىل تىپتىكى ئاتوم سىناقلىرىنى توختۇتۇش.

4 - شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزىلىۋاتقان ئاپتونومىيە سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىشقا خىتاي ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاش، ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئۆلكىدە دېموكراتىك سايلاملار ئاساسىدا مىللىي رەھبەرلەرنى سايلاش.

5 – شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش.

6 - شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈركلىرىگە دۆلەتنىڭ ئىدارە، مۇئەسسەسە، زاۋۇت، فابرىكىلىرىدا ئالدىن ئىتىبار بېرىپ، ئىشلىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش.

7 - شەرقىي تۈركىستان تۈرك ياشلىرىنىڭ تەلىم – تەربىيە، ئىقتىساد، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە سەۋىيەلىرىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك

تۆگىمىدى ۋە تۈگىمەيدۇ. خىتاينىڭ ئاتوم قۇراللىرىغا ئىگە بولىشى، ئادەم سانىنىڭ كۆپ بولۇپ، مىليونلاپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈشى خەلقئارادىكى بىر قىسىم مەملىكەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئاز - تولا ئىقتىسادى ۋە ھەربى كۈچى تەسىرى بىلەن ئالداپ، ئۆز تەرىپىگە تارتىپ تۇرىۋاتقانلىقى ۋاقتى كەلسە ھىچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ ئەچچە مىڭ يىللىق خىتاي مۇستەمچىلىكىگە قارشى كۆرەش تارىخى، بولۇپمۇ 1933 - 1934 - يىللىق ۋە 1944 - 1949 - يىللار ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ يېڭىش — يېڭىلىش تەجرىبىلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىنى ساقلايدىغان ھايات مەنبەئەسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللى مۇستەقىللىقىدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى پۈتۈن مىللەتنىڭ مىللى ئازاتلىق كۆرىشى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق دىموكراتىك ھۆر رىسپوبلىكا قۇرۇشتۇر.

بۇ قىتىمقى قۇرۇلتاي ئەڭ مۇھىم ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە بولغان :

1 - شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىنىڭ ئومومى مەقسەت - نىشانى بولغان - خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىن ھەيدەپ چىقىرىپ، شەرقىي تۈركىستاندا مىللى ھۆر رىسپوبلىكا قۇرۇش غايىسىگە ئاساسەن ھازىرقى دۇنيا رىئاللىقى، مەملىكەتنىڭ ئىچكى — تاشقى ۋەزىيتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئىنقىلاپنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك كىلەچەك مۇساپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ستراتىگىيەلىك سىياسى پىروگىراممىسىنى قۇرۇلتاينىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزۈش.

2 - يۇقۇرىدىكى ستراتىگىلىك مۇجادىلە پىروگىراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئەينى بىر مەقسەت

6) لەركىن دۇنيا مەملىكەتلىرى، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى، دۇنيادا دىموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلغۇچى خەلقئارالىق تەشكىلات، جەميەتلەرگە ۋەتىنىمىز ئامىدىن مۇراجىئەتنامىلەر يېزىپ، ئۇلارغا ۋەتىنىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھىسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش. قىزىل خىتاي جاھانگىرلىكىنى دۇنيادا يالغۇز قالدۇرۇپ دوستلىرىمىزنى كۆپەيتىش.

7) خەلقئارادىكى ۋەتەنپەرۋەر يۇرتداشلىرىمىزنىڭ ياردىمى، دوست ـ قىرىنداش مەملىكەتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى ئىقتىسادى فوند ھازىرلاش.

يۇقىرىدىكى قىلماقچى بولغان چارە ـ تەدبىرلەر، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قىلىشتىكى بىر قىسىم مۇھىم ئامىللاردۇر. مەملىكەت ئىچى، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن دۇنيادا رىئاللىقنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئاكتىپ، ئۇسۇل ـ چارىلەرنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى تەبىئىدۇر. لېكىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى مۇستەقىللىق كۆرىشى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقلالى باقىدۇر.

ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىمىز شۇكى : شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت ـ ئىشانى ئۇلۇغ، ئۇنىڭ مەنزىلى ئەگرى ـ توقاي، جاپالىق، لېكىن ئۇنىڭ كېلەچىكى ئىنتايىن پارلاقتۇر.

ئىنشائاللاھ ئۇلۇغ ھەممىگە قادىر رەببىمىزدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە رەھمەت ۋە نۇسرەت، قىزىل خىتاي جاھانگىرلىكىگە غەزەپ ـ نەپرەت ۋە مەغلۇبىيەتلەر تىلەيمىز.

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى سۆيۈملۈك ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ جاپاكەش خەلقىگە ئاتىغان بىر كۇبلىت شېرىم بىلەن تاماملايمەن.

ئۇيغۇر قىزى كۆزلىرىڭدىن تۆكمىگىن ياش،

باتۇر يىگىت ئولۇمگە ھىچ ئەگمىدى باش.

تەدبىرلەرنى قوللۇنۇش.

8 ـ شەرقىي تۈركىستانلىق تۈركلەرنى مەدەنىيەت، مۇنارىپ ۋە ئىجتىمائى تەرەپلەردىن خىتايلاشتۇرۇش سىياستىنى توختۇتۇش. شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارغا مۇسۇلمانلىقلىرىنى قوغداش دىنى بۇرچ ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىش، ئىسلامنىڭ ئەمىرلىرىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دىنى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش.

يۇقىرىدىكى ئاكتۇئال مەسىلەلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن :

1) دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن رادىئو، تېلۋىزيە ئىستانسىيەلىرى، گىزىت، ژورنال، كىتاپ، نەشرىيات ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش.

2) قىزىل خىتاي جاھانگىرلىكىگە قارشى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تىبەت، ئىچكى موڭغولىيە ئىنقىلاۋى كۈچلىرى ۋە بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىزنى ئېتىراپ قىلغان خىتاينىڭ ئىلغار، دېموكراتىك كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىش.

3) ئوتتۇرا ئاسىيەدىكى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە خەلقلىرى، تۈركىيە ۋە دۇنيادىكى باشقا تۈركى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن مەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ خەيرىخالىقلىرىغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ ياردەملىرىگە ئىگە بولۇش.

4) دۇنيادىكى مۇسۇلمان مەملىكەتلەرگە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تونۇشتۇرۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان سۇيىقەستلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىزگە نىسبەتەن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش.

5) دۇنيادىكى قىزىل خىتاي جاھانگىرلىكىنىڭ تەھدىدى، بوزەك قىلىش، تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان دۆلەتلەرنىڭ خەلقلىرى بىلەن بىرلىشىپ، خىتاي ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇش.

# شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتايى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقئارالىق مىللىي كېڭىشى ھەققىدە مېنىڭ دەسلەپكى كۆز قارىشىم

1992 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1993 - يىلىنىڭ بېشى ئۆزىمنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ ئۇنتۇلماس خاتىرلىرى بىلەن ھايات كىتاۋىمىزنىڭ باش تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. چۈنكى مەن ئىستانبۇلدا ئېچىلغان 1 - قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ قىلىندىم.

دېكابىرنىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئېچىلغان بۇ قۇرۇلتايدا مەن كونا دوستلىرىمنى، ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى كۆرمىگەن ۋە ھاياتىمدا ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىمنى، دوستلارنى كۆردۈم. قۇرۇلتاي ھارپىسىدىكى ۋەقەلەر، قۇرۇلتاينىڭ تەنتەنىلىك ئېچىلىپ، كەسكىن كۆرەشلەر بىلەن ئاياغلاشقانغا قەدەر بولغان ۋەقەلەر، ۋە ش ت خ م كېڭىشىنىڭ قۇرۇلىشى ھازىرغىچە مىنى ھاياجانغا سېلىپ تۇرۇپتۇ.

قۇرۇلتاينىڭ مەن ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيتى شۇكى : شۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا قۇرۇلتاينىڭ ئۇلۇغ مېۋىسى بولغان — شەرقىي تۈركىستان خەلقئارالىق مىللىي كېڭىشى دۇنياغا كەلدى. قۇرۇلتاي رەھبەرلىكى ۋە قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرى ماڭا زور ئىشەنچ بىلدۈرۈپ، مىنى شۇ قېتىمقى مىللىي كېڭەشكە رەئىس قىلىپ سايلىدى. مەن بۇ ئىشەنچنىڭ ماڭا ئىنتايىن شەرەپلىك ۋە ئىنتايىن مۇشكۈل ۋەزىپىنى يەلكەمگە يۈكلىگەنلىكىنى

تۇنــمۇ پاتار ئــرادەڭــدە بولــسا بــەرداش،
يالقىپ چىقار تەڭرى ئۆزرە بىر كۈن قۇياش.

29 ـ نويابىر

دىگەنلىك خىتايدىكى مىللى مەسىلىنى ياخشىلاش لەمەس. لەكسچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ، بىر پۈتۈن جوڭخۇا ئىچىگە سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى مۇشۇ مۇستەملىكچىلىكىنىڭ سياسىتىگە ئاساسەن شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كۆچمەنلىرىدىن كۆنىگە 7000 دىن كىرگۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ تويان بالاسىغا كۆمۈپ تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ئۇغۇتنى مەجبۇرى كونترول قىلىش دىگەن فاشىستىك سياسەت بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركى خەلقلەرنىڭ يىللىق ئۇسۇشنى توختاتتى ھەم ئادەم سانى ئازييىشقا باشلىدى. خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى خەلقنارا جامائەتچىلىك ۋە يەرلىك خەلقنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، شەرقىي تۈركىستاندا ئاتوم سىناقلىرىنى توختىماي ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتوم سىناقلىرىغا ئاتنت نەلمىساقتىن كۆز كۆرۈپ. قولاق ئاڭلاپ باقمىغان دەھشەتلىك راك كىسەللىكلىرى بىلەن يۈزمىڭلاپ كىشلەر قىرىلماقتا. خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى. يەرئۈستى بايلىقلىرىغا ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۇنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلماقتا. خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە ھەدەپ توشۇماقتا. ھەتتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىرىنى چەتئەل كاپىتالىغا ئىجارىگە بەرمەكتە، ئۇنى ساتماقتا. ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆز بايلىقى ئۆز خەلقىمىزگە بەخت كەلتۈرمەي، ئەكسىچە بالايى ئاپەت كەلتۈرمەكتە.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى كەمبەغەللىكنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدە ياشاپ، ھايات - ماماتلىق گىرداۋىدا ئېڭىرىماقتا. خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ماددى بايلىقلىرىنى تالان — تاراج قىلىش بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىمىز خەلقىنى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراڭغۇ، نادان جاھالەتچىلىكىدە ئۇتتۇپ قىلىش ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ تەرەققىياتىنى

بىلىمەن. ئاللاھ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز، سۆيۈملۈك خەلقىمىزگە ھىدايەت يولىنى كۆرسەتتى. شۇ ھىدايەت يولىدا ۋەتەن ـ خەلقىمىزنىڭ يار ـ يۆلىكى بىلەن بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا قەتئىي بەل باغلىدىم. مەن بۇ ماقالەمدە ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىرى، ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرىنى، شۇ قۇرۇلتايدا مەيدانغا چىققان ش ت خ م كېڭىشىنىڭ كېلەچىكى ۋە شۇ كېڭىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قىلىشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك ئىستراتېگىيە، تاكتىكىلىرى ھەققىدە بەزى كۆز قاراشلىرىمنى بايان قىلىمەن.[1]

بۈگۈنكى خەلقئارا ۋەزىيەت ئىككى لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلىشىشى، بېرلىن تېمىنىڭ يىقىلىپ، شەرقىي ياۋروپادا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا كوممۇنىزىمنىڭ بەربات بولۇشى بىلەن سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشى، بولۇپمۇ بىزگە قېرىنداش ھەم شەرقىي تۈركىستانغا چېگرىداش ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى كوممۇنىزىمنىڭ ئاخىرقى جاھىل قورغىنى بولغان خىتايغا ۋە ئۇنىڭ زۇلمى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستانغا زور تەسىرلەر ئېلىپ كەلدى ھەم كېلىۋاتىدۇ...

بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق شاماللىرىنىڭ خىتايغا بولۇپمۇ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيەگە ئوخشاش مۇستەملىكىلەردە ئۆزىنىڭ بېشىغا سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن قارا كۈنلەرنىڭ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ دۆلەتلەرگە نىسبەتەن مىللىي زۇلۇمنى كۈچەيتىپ، بايلىقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، شۇ مىللەتنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن چوڭ خىتايچىلىق ئاسسىمىلاتسىيون سىياسىتىنى دەھشەتلىك يۈرگۈزمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرىدە 2000 يىللارنىڭ بېشىغا قەدەر خىتايدا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ

كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىستانبۇلغا يىغىلىپ قۇرۇلتاي ئېچىشقا جەزىم قىلدى. قۇرۇلتاي ئېچىلىشىنىڭ ھارپىسىدا زور ئىتتىپاقلىققا كېلىپ، ئىلگىرى رۇيخەتكە ئېلىنمىغان تەشكىلاتلار قۇرۇلتايغا قاتنىششقا بولمايدۇ، دېگەن خاتا قاراش تۈزۈتۈلۈپ، قۇرۇلتاي مىسلى كۆرۈلمىگەن بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا ئۆتكۈزۈلۈشكە ئاساس سېلىندى.

قۇرۇلتاينىڭ مەقسىدى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىنىڭ نىشانىنى ئىستىقلال دەپ بەلگىلەپ، مەملىكەت ۋە خەلقئارادىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ئورتاق بىر سىياسىي پىروگراممىا ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان خەلقئارا سەھنىدە، كۈچلۈك ئابرۇيغا ئىگە بىر دۇنياۋى تەشكىلات قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بوغۇپ ئۇنى ئالغا ئىلگىرلەتمەيۋاتىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ مىڭلاپ ئەسىرلەردىن بۇيان يارىتىپ كەلگەن مىللى، مەدەنى، ئاسارە ــ ئەتىقىلىرىنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. خۇنۇكلەشتۇرىۋاتىدۇ، يوقۇتىۋاتىدۇ.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مىڭ يىللار بۇرۇن ۋەتىنىمىزگە قويغان تۈركىستان، كىيىنكى ۋاقىتلاردا قويغان شەرقىي تۈركىستان دىگەن ناملىرىنىمۇ ئىيتىشقا قويماي، تاجاۋۇزچى ئاتا ـ بوۋىلىرى قويغان لەنەتلىك « شىنجاڭ » نامىنى مەجبۇرى ئاتاشقا زورلاۋاتىدۇ . بۇنىڭغا قارشى تۈرغانلارنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالماقتا. قىزىل خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەن 40 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە 10 مىڭلاپ مەسچىتلىرىمىزنى تاقاپ ۋەيران قىلىپ، 100 مىڭلاپ دىنى ئۆلىمالىرىمىزنى تۈرمىلەرگە ئالدى ۋە ئۆلتۈردى. يوقۇرقىدەك خورلۇق ۋە زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئىنسانى ھوقۇقى ۋە مىللى مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ ياۋۇز، ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ تەكسىيەتچى مۇستەملىكىچىگە قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىپ، ئونمىڭلارچە قەھرىمانلار قۇربان بولدى.ئونمىڭلاپ ۋەتەنپەرۋەرلەر تۈرمىگە ئىبلىندى. بۇنىڭ مىسالىغا 1990 ـ يىلى ئاپرىلدا قەشقەر ۋىلايىتى ئارتوش ــ بارىندا بولغان خىتاي ھۆكىمىتىگە قارشى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قۇراللىق قوزغىلاڭىنى ئالساق 2000 كىشى نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈلدى. ئونمىڭچە كىشى تۈرمە لاگىرغا قامالدى.

زالىمنىڭ زاۋالى ئۇنىڭ قىلمىشى بىلەن گەرچە قوزغىلاڭلار قانغا پاتۇرۇلغان بولسىمۇ، شۇ مەغلۇبىيەتلەرنى يەكۈنلىگەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە ئۇنىڭ مۇھاجىراتىكى ۋەكىللىرى ئۆتكەن كۆرەش تارىخىغا يەكۈن ياساپ، ئۆۋەتتىكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، كىلەچەككە زور ئۈمىد باغلاپ، دۇنيانىڭ 14 مەملىكىتىدىن

4 ـ قۇرۇلتاي شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن خەلقنىڭ سەۋىيەدىكى سىياسى پروگراممىسى. ھۆججەتلەرنى. نەڭ موھىمى خەلقنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى كېڭىشى ( ش ت خ م ك ) نى قۇرۇپ چىقتى. ئىنشائاللاھ، شەرقىي تۈركىستانلىقلار خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى مىللى مۇجادىلە ھەركەت ئىشانىنى بىر مەركەزى رەھبەرلىككە ئۈيۈشتۇردۇ. مانا بۇلار شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىگىدىن دېرەك بەردى.

6 ـ قۇرۇلتاي شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىق داۋاسىنى كۆرەش سېپىگە يېڭى بىر ئەۋلاد ـ يېڭى كۈچلەرنىڭ كىلىپ قوشۇلۇپ، بۇ سەپنىڭ ئىدىيەۋى پىكىر قىلىشنى يېڭىلاتتى. بۇ سەپنى تار دائىرىدىن كەڭ دائىرىگە ئېلىپ چىقتى، تارقاقلىق، باشباشتاقلىقتىن مۇنتىزىملىششقا قاراپ ماڭدى، كۆرەش سەپلىرى ئاجىزلىشىشتىن كۈچيىشكە باشلىدى. بۇ كۈچلەر بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ھەم كىلەچىكىمىزدۇر.

7 ــ قۇرۇلتاي بىزگە قېرىنداش ۋە بىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغان مەملىكەتلەرنىڭ بىزگە بولغان پوزىتسىيەسىدە ئىجابى ئۆزگىرىشلەر پەيدا قىلدى. ئۇلار بىزنىڭ خەلقنىڭ زور ئىنتىپاقلىقىغا ئېرىشىپ، ش ت خ م كېڭىشى قۇرغانلىقىمىزغا زور قىزىقىش بىلەن قاراپ، بىزنىڭ مۇستەقىللىق ئىشىمىزغا ئۈمىد بىلەن قاراپ، بىزگە ياردەم قولىنى سوزۇش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئىنشائاللاھ، بىز ئىشلىرىمىزنى قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان سىياسى پروگرامما ئاساسىدا ئىزچىل تولۇق ئېلىپ بارالىساق، خەلقنىڭ يالغۇز قالمايدىغانلىقىمىزغا قەتئى ئىشەنسەك بولىدۇ.

قىسقىسى، قۇرۇلتاي شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى دەۋرىدىكى زور بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولىدى. قۇرۇلتاي ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق زور شانلىق نەتىجىلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا مەڭگۈ پارلاق سەھپە بولۇپ قالىدۇ. قۇرۇلتاي يۇقارقىدەك زور غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، قۇرۇلتايدا

# شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتاي

بۇ قېتىملىق مىللىي قۇرۇلتاي ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان 1949 ـ يىلى قىزىل خىتاي ئىشغالىيتىگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنكى دەۋىردىكى مىللىي كۈرۈلمىگەن زور ۋاقىئەدۇر.

1 ــ قۇرۇلتاي مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى خىتاي ئىستىلاسىغا قارشى ئىستىقلال بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ. زور بىرلىك ئىتتىپاقلىققا ئېرىشتۈردى.

2 ــ قۇرۇلتاي مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا يېڭىدىن ئىشەنچ ۋە پارلاق ئۈمىد ئېلىپ كەلدى. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئەركىنلىك، ئازاتلىق ۋە ئىنسان ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەشتۇر. مەيلى قىزىل خىتاي جاھانگىرلىكى قانچىلىك كۈچلۈك بولمىسۇن. ئۇمۇ سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھالاكەتلىك تەغدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ! بىز بىرلىشىشنى ئىتتىپاقلىشىشنى بىلگەن ئىكەنمىز. دۈشمىنىمىزخىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلالايمىز ۋە ئاخىرىدا غەلبىنىمۇ چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيمىز !

3 ـ قۇرۇلتاي قىزىل خىتاي جاھانگىرلىكى ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن چوڭ زەربە بولدى. خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بىر سىقىم چېچىلغان قۇم، ئۇلار ئەمدى ھېچقاچان بىر يەرگە يىغىلىپ بىرلىشەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. خەلقىمىزنىڭ ئۈنجى قېتىم بىر يەرگە يىغىلىپ، دۇنيا مىقياسىدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق داۋاسىنى دۇنيا سەھنىسىگە كۆتۈرۈپ چىقىشى ئۇلارنى سەراسىمىگە سېلىپ ھەيرەتتە قالدۇردى. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ـ خىتاي ئىستىلاچىلىرى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقىغا ئايلاندى.

پۈرسەتپەرەس ئۇنسۇرلارغا سۈنى لىيتىپ بىلىق ئۇنۇشقا شارالىت ھازىرلاپ بەرگەن بولىمىز. ھازىر بەزى يەرلەردە لەھۋال ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ.

4) قۇرۇلتاي نوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى تىزدىن ھەل قىلىش ھەمدە لەمەلىيلەشتۇرۇش ئۈچۈن ئىستانبۇلدا بىر مۇقىم خىزمەت نورنىمىز بولىشى ( ئاز دىگەندە 4 ـ 5 ئادەمنىڭ تەشكىل تىپىشىدا ) ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. بولسا نىزامنامىنىڭ تەستىقلىنىشى بىلەن تىزدىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش. نىزامنامىنىڭ تەستىقلىنىشى سۈرىلدىغان تەقدىردە ئىستانبۇلدا بولغان شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىسىدەك نورۇنلاردىن پايدىلىنىپ بولىسمۇ تەشكىلاتىمىزنىڭ مۇنتەزىم ئىشىنى باشلاشقا توغرا كىلىدۇ. مەن بۇ مەسىلىنى يولداشلارنىڭ دىققىتىگە ئالاھىدە ھاۋالە قىلماقچىمەن.

5) قۇرۇلتىيمىز بولغىنىغىمۇ 3 ـ 4 ئاي بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا قىلغان ئىشلىرىمىز ئۈزىمىزنى ( مىنىڭچە ) رازى قىلىپ كىتەلمەيدۇ. ھازىرغىچە ش ت خ م كېڭەشنىڭ نىزامنامىسى تەستىقلانغىنى يوق. پىلانلىغان بەزى ئىشلار قىلىنمىدى. ئىستانبۇلدا بولۇنغان ئەھمىيتى شۇنچە زور 1 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ نورنىغا بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئۇنىڭ ئاز تولا يىتىشسىزلىكلىرىنى ئۇتتۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، غەرەزلىك ھالدا قۇرۇلتاينىڭ ئاجايىپ غەلىبىلىرىنى خۇنۇكلاشتۇرۇپ ھەم ئۇنى يوققا چىقىرىپ، دۈشمەننىڭ تۈگمىنىگە سۇ قويىۋاتىدۇ. مۇشۇ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ چارە ـ تەدبىرلەرنى تويلىشىش ئۈچۈن ھەم كېڭەشنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومتېت، رەھبىرى خادىملارنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ تەپسىلاتى، چەكلىمىسى ۋە باشقىلار ھەققىدە كېڭەشنىڭ مۇھىم ئادەملىرى بىلەن يىغىلىپ مەجلىس ئىچىپ، ئىشلىرىمىز ھەققىدە سۆزلىشىدىغان ۋاقىت بولدى!

ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلدە ئورۇندىلىشى ياكى ئورۇندالماسلىقى ھەل قىلغۇچ مەسىلىدۇر. ئەمدى بۇ ۋەزىپىلەرنى قەدەممۇ - قەدەم جانلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئېھتىياتلىق ھەم پۇختىلىق بىلەن ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەممىدىن ئەۋۋەل ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەردىن تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ئىزدىنىپ ھەل قىلىش كېرەك.

1) قۇرۇلتايدا دۇنياغا كەلگەن ش ت خ م كېڭىشىنىڭ نىزامنامىسىنى ئىزدىنىپ ئىشلەپ چىقىپ، بۇندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرىمىز ئۈچۈن توغرا، ئەمەلىي، مۇۋاپىق يول كۆرسەتكۈچى قوللانمىنى چىقىرىش ھەم ئەستىقلىتىش. ھازىرقى تۈركىيە شارائىتى، ئۆزىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىزنىڭ مۇرەككەپلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، نىزامنامىنى ئىككى خىل ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. 1 - ئادەتتىكى نىزامنامە بولسا، 2 - ئەمەلىي نىزامنامە بولۇپ، بۇ ئىككى نىزامنامە پۈتۈن ئىشلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، قۇرۇلتاي قويغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىشى، ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلتايغا شەرت - شارائىت يارىتىشى كېرەك.

2) شۇ نىزامنامە قويغان پرىنسىپلارغا ئاساسەن كېڭەشنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەت پىلانلىرىنى ئىشلەپ چىقىش كېرەك. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا تەپسىلىي، ئەمەلىي باسقۇچلىرى بىلەن قويۇلۇشى كېرەك. ھەر بىر ئىشىمىزنىڭ مەقسەت نىشانى، ئورۇنداش چارە - ئۇسۇللىرى، قولغا كەلتۈرىدىغان نەتىجىلىرىمىز مۆلچەرلىنىشى كېرەك.

3) پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان مۇشۇنداق بىر مۇرەككەپ چۈرۈك شارائىتتا كېڭەشنىڭ ئاچقۇچلۇق ئادەملىرى بىر - بىرىدىن يىراقتا ياشاۋاتىدۇ، مۇشۇنداق بىر قىيىن ئەھۋالدا ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى كېرەك. بولسا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللار بىلەن بىرسى - بىرسىنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇشى، يۈز بەرگەن مەسىلىلەرگە قارىتا پىكىر بىرلىكىدە بولۇپ، ھازىر جاۋاب بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا بەزىبىر

چىقىپ كەتكەن بولسا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 يىللىرىدىن تارتىپ. شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلار، 1949 ـ يىلدىكى قىزىل خىتاي ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئالدى ــ كەينىدىكى سىياسى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ۋەتەنلىرىنى تەرك ئەتكەن مۇھاجىرلاردۇر. 1949 ــ يىلى قىزىل خىتاي ئىستىلاسى شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇملاشقاندىن كېيىن، خىتاي ئاسارىتىگە چۈشكەن خەلق قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشىلىقنى ھەرخىل يوللار بىلەن توختاتمىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى قاتتىق بېسقتۇرۇشلار ئېلىپ باردى ھەم ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئىچىدىن ئىمكانىيەتلىرى بولغانلىرى ھۆرلۈك ئىزدەپ ۋەتەندىن چىقىشقا مەجبۇر بولماقتا. يۇقارقى ئەھۋالدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى. ھازىر چەتئەلدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىكى خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي زۇلمىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلەردۇر ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر.

ھازىر چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ۋە بۇ قېتىم ئىستانبۇلدا قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى ھەممىنى قوشۇپ بىر بىرلىك ھېساپلاپ، شۇ كىشىلەر ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىدىن ئومومىيۈزلۈك ئانالىز يۈرگۈزسەك. ئۇلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورۇنلىشىشى، جەمىيەتتە تۇتقان ئىقتىسادى ئورنى ۋە كەسپى، سىياسى كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا ئۇلارنىڭ خاراكتىر قۇرۇلمىلىرىنىڭمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز ھەمدە ئۇلارنى ئۆۋەندىكى تۆت چوڭ گورۇپپىغا بۆلىمىز :

1 ــ گورۇپپا ـ مەملىكەتتە يۈرگۈزىلىۋاتقان خىتاي ئىشغالىيىتىگە ھەرخىل يوللار بىلەن قارشى چىققان، شۇ نەتىجىدە خىتاي

# قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرى ۋە خەلقىمىز

دۇنيانىڭ 4 قىتئەسىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان تۈركىستانلىقلارنىڭ 14 دۆلەتتىن كەلگەن 1000 ۋەكىلى چەتئەللەردە ياشاۋاتقان بىر مىليونغايېقىن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ۋەكىل بولۇپ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتناشتى. مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ جۇغراپىيلىك ئورۇنلىشىشىنى نەزەرگە ئېلىپ، 3 گورۇپپىغا بۆلۈش مۇمكىن ( بۇ مەسىلىدە ئەنۋەر راخماننىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلىمەن ) 1 ـ ئوتتۇرا ئاسيا گورۇپپىسى، 2 ـ تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان گورۇپپىسى، 3 ـ ياۋرۇپا، ئا ق ش. ئاۋىستىراليە گورۇپپىلىرىدىن ئىبارەت.

قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللىرىمىز چەتئەلدە ياشاۋاتقان مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ ئىمسالىدۇر. مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ كىلىپ چىقىش تارىخى ئارقا كۆرۈنىشى ئەكشۇرگەندە غەربىي تۈركىستانغا مەنسۇپ بولغان ھازىرقى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدە ياشاۋاتقان مۇھاجىرلىرىمىز تارىخى ئوقتىئەزەرلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئەجدادلىرى شۇ مەملىكەتلەردە بۇرۇندىن ياشاپ كەلگەن يەرلىك ئۇيغۇرلاردۇر. ئەمدى بىر قىسمى بولسا، 18 ـ 19 ئەسىرلەردە چەتئەل ئىستىلاچىلىرىنىڭ مۇستەملىكچىلىك سىياستىنىڭ قۇربانلىرى بولۇپ، سىياسى باشپاناھلىق تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن شەرقىي تۈركىستاننى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋەتەنداشلاردۇر.

ئەمدى تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئامرىكا، ياۋرۇپا، ئاۋىستىرالىيەلەردە ياشاۋاتقان مۇھاجىرلىرىمىزنىڭمۇ ئاھۋالى ئوتتا ئاسيادا ياشاۋاتقان مۇھاجىرلىرىمىزنىڭكىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. بۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىنى مەقسەتلەر ئۈچۈن چەتئەللەرگە

ئورگانلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، بەزىدە يوشۇرۇن ھەتتا بەزىدە ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئىنقىلاۋى ئىشىمىزغا زىيان سالىدىغانلار.

4 ـ گورۇپپا ـ ھەرخىل تارىخى، ئىجتىمالى،سىياسى ۋە رىئال سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىنقىلاۋى سېپىمىز ئىچىگە بىر قىسىم پۇرسەتپەرەس ئونسۇرلار كىرىپ قالغان. ئۇلار خىتاي ئىستىلاسىغا قارشى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىنى قوللايدۇ. لېكىن ئۇلار شۇ ئىنقىلاپ ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەتلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىشىدۇ. ئۇلار ھەممە ئىشنىڭ ئۆزى دىگەندەك بولىشىنى، ھەممە ئورۇنلارنىڭ ئۆز قولىدا بولىشىنى كۆزلەپ، قاتتىق يۇرتۋازلىق، گورۇھۋازلىققا بېرىلىپ، باشقىلارنىڭ ئۇلاردىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنىلا ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئىنقىلاپنىڭ ئومۇم مەنپەتى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كونا قاراشلىرىغا بېرىلىپ، توغرا سىياسى يولۇنۇشتىن مېڭىشىقمۇ يول قويمايدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئاساس قىلغان شۇنداق ئۇلۇغ ۋە ئىنتايىن مۇشكۇل ئىنقىلاپنىڭ پەقەت ئۆز مونوپولىيەسىدىلا بولۇشىنى خالاپ، كوللىكتىۋ رەھبەرلىككە قارشى تۇرىدىغانلار.

1 . خىل گورۇپپىدىكىلەر ئىنقىلاۋىمىزنىڭ ئاساسى كۈچى ۋە زەربىدارلىرى بولۇپ، مىڭلىغان مۇھاجىراتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزدە يۈرگۈزىۋاتقان مىللى مەۋجۇتلىقىمىزنى بولۇپمۇ 2 . گورۇپپىدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىمۇ مۇشۇ سەپكە قوشۇلۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىز مەملىكىتىمىزنى بېسىپ تۇرغان يات ئەجنەبى دۈشمەن مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ۋەتىنىمىزنى ھۆر - ئەركىن قىلىش، بۇ ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك ئىمانى ۋە ۋىجدانى بۇرچى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن كۈچ ـ قۇدرىتىنى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى سەپەرۋەرلىككە

ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەرخىل زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ۋەتەندە تۇرۇشقا ئىمكانى بولمىغان، شۇ سەۋەبتىن مەملىكەتتىن قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ياكى مەملىكەتتىن سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چىقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، چەتئەللەرگە چىققاندىن كېيىن ئەركىن دۇنيانىڭ سىياسىي تەسىراتلىرى نەتىجىسىدە خىتاي ئىستىلاچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلمىنى پەيدىن - پەي چۈشىنىپ، ھەق - ئادالەت چېگراسىنى ئايرىپ، ۋەتەن ۋە مۇستەقىللىقنىڭ قەدرىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ئۆزىنى بېغىشلىغانلارمۇ مۇشۇ گورۇپپىغا كىرىدۇ.

2 - گورۇپپا — مەملىكەتنى سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەس، ھەرخىل مەقسەتلەر يۈزىسىدىن تەرك ئەتكەنلەر بولۇپ، ئۇلار خىتاي ئىستىلاچىلىرىنىڭ زۇلمىنى كۆرمەي چەتئەللەردە يۈرگىنىگە رازى بولىشىدۇ. بۇلار خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى بولغان بىزنىڭ مۇستەقىللىق داۋايىمىزغا بىۋاستە قاتناشمايدۇ ھەم قارشىمۇ چىقمايدۇ. ئۇلار كۆپرەك ئوتتۇردا تۇرۇشنى خالايدۇ. ئۇلار مەملىكەتتە خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئىنسان ۋە مىللىي غۇرۇرىنىڭ ئاياق — ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا خاتىمە بېرىشنىمۇ خالايدۇ ۋە ھېسداشلىق قىلىپمۇ قويىدۇ. لېكىن ئۆزلىرى بۇ مەسىلىدە بىرەر چارە — تەدبىردە بولمايدۇ. ئۇلار دائىم پۇرسەت كۈتىدۇ. « ئۆزۈم پىشسا ئاغزىمغا چۈش » دېگەن پوزىتسىيەدە بولىدىغانلار.

3 - گورۇپپا - ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن مەملىكەتتىن چىقىپ، ئۆزلىرى چەتئەلدە ياشاۋاتقان، كېلىپ چىقىشى ئېنىق ئەمەس، مەيدانى تۇراقسىز، ھەممە نەرسىدە ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى ۋەتەن — مىللەت مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن تۇتىدىغان، ھەق - ئادالەتنى ئايرىمايدىغان، ۋەتەن دەردى، مىللەت قايغۇسى بىلەن كارى يوق، ۋاقتى كەلسە دۈشمەننىڭ مەخپىي [illegible]

بولۇپمۇ مۇنداق كىشىلەر ئىشىمىزنىڭ ھازىرقىدەك يېڭى باشلانغان، كۈچلىرىمىزنىڭ تارقاق، ئاساسىمىزنىڭ ئاجىز، شارائىتىمىزنىڭ قىيىنلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى دەپ قولغان كەلتۈرگەن غەلبىلىرىمىزگە قارشى چىقىپ، غەلبىلىرىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، بۇزمىلاپ يوققا چىقىرىپ، ئىنقىلاۋىمىزنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. ئىمكان بار مۇنداق سۇيىقەستچى ئۇنسۇرلارنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى قولغا كىرگۈزىۋېلىشىغا يول قويماسلىق بىلەن بىرگە مۇشۇ بىر مۇرەككەپ ئۆتكۈنچى دەۋردە ئۇلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، ئىنقىلاۋى سېپىمىزنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدىنمۇ ھەزەر ئەيلەش كېرەك. ئىنقىلاۋى سېپىمىزنىڭ توغرا، مەقسەت — نىشان، سىياسى يۈلۈنۈشلىرىنىڭ ئېغىپ كېتىشىگە زادى يول قويماسلىق لازىم.

ئىستانبۇل قۇرۇلتايىغا قاتنىشقان ۋەكىللەر ئەركىنۇگە ئەزەر سالساق، 30 - يىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيتى بىلەن40 - يىللارنىڭ 2 — يېرىمىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيتى ئۈچۈن قان كېچىپ ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋە جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قۇرۇلىشىدا زور رول ئوينىغان پىشقەدەم مۇجاھىدلار، 49 — يىلدىكى قىزىل خىتاي ئىستىلاسىنىڭ ئالدى كەينىدە ۋەتەندىن قېچىپ چىقىپ، مۇجاھىدلىقنىڭ ئىنتايىن قىيىن شارائىتلىرىدە يۈرۈپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىق داۋاسىنى قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى، كېيىنكى دەۋرلەردە ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن ۋەتەندىن چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەن مۇستەقىللىق ھەققىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى مەملىكەتلەردە،ھەرتۈرلۈك ساھەلەردە كېچە — كۈندۈزلەپ كۈرەش قىلىۋاتقان ياش بوغۇن ئىنقىلاپچىلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلىم - پەننىڭ پۈتۈن ساھەلىرى بويىچە ئاتاغلىق ئالىملار، يازغۇچى شائىرلار، دىپلوماتلار، ژورنالىستلار، ئارخىئولوگلار،

كەلتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلىشقا سېلىش.

2 . خىل گورۇپپىدىكىلەرنىڭ پسىخولوگىيسىدە پۇرسەتپەرەسلىك ئىدىيسى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا خەلقنارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بىزگە پايدىلىق ئامىللارنىڭ كۆپىيشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدا تۈپتىن ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىدۇ ھەم بىزنىڭ ئىنقىلاۋى سېپىمىزگە قوشۇلۇشقا باشلايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئىنقىلاۋى كۈچىمىزنىڭ كۆپۈيىشىدىكى مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى، شۇڭلاشقا بىز ئۆزىمىزنىڭ تەشۋىقات خىزمەتلىرىمىزدە ئىنقىلاۋىمىزنىڭ غەلبە قىلىش ئاساسلىرى، ئىستىقبالى ھەققىدە ئۇلارغا كۆپرەك تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز سېپىمىزغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىمىز لازىم. بۇ بىز ئۈچۈن ئۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىمىزنىڭ بىرى .

3 . خىل گورۇپپىدىكىلەر ئىنقىلاۋىمىزغا نىسبەتەن خەتەرلىك ئونسۇرلار بولۇپ، بۇلارغا بىز دائىمان دىققەتتە بولىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇلاردىن ھەرگىزمۇ ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ. ئىمكانى بولىدىكەن ئۇلار دۈشمەنىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىزنىڭ ئىنقىلاۋى كۈچلىرىمىزگە ھەرخىل يوللار بىلەن قارشى چىقىدۇ، سۇيقەست قىلىدۇ. ھەتتا ئىشلىرىمىزنى بۇزۇشقا، ئىنقىلاۋى كۈچلىرىمىزنى يوقۇتۇشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا ئىنقىلاۋىمىزنىڭ ئۇتۇقلۇق مېڭىشى ئۈچۈن جىنايى قىلمىشلىرى ئېنىق بولغان، قىلمىشلىرىغا توۋا قىلمىغان مۇنداق ئونسۇرلارغا قاتتىق جازا بېرىپ، باشقىلارنىڭمۇشۇنداق قىلماسلىقىغا ئىبرەت قىلىش كېرەك. ئىنقىلاۋى كۈچلىرىمىزنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىزدىمۇ تەيياگەرلىك بولىشى، بىخەتەلىك ئورگانلىرى قۇرۇلىشى كېرەك.

4 . خىل گورۇپپىدىكىلەر گەرچە ئۆز سېپىمىزنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ، بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىزغا چۈشكەن مىتلەردۇر. بىزدە بۇلارنى سېزىۋېلىش قىيىن.

ۋەزيتى ئۇركلەر ئۇچۇن پايدىلىق. سىزنىڭ ئۇمىدسىزلىنىشىڭىزگە ئاساس يوق. ئۇمىدلىنىشىڭىزگە بولسا چوڭ ـ چوڭ ئاساسلار بار. شەرقىي ئۇركىستان ئىگىسىز ئەمەس » دېدى. شەرقىي ئۇركىستان ۋەكىللەر ئۇمىگىنىڭ ئۇركىيە هۆكىمىتى تەرىپىدىن رەسمىي قوبۇل قىلىنىشى ۋە كىشىگە ئىشەنچ بېغىشلىغۇچى سۆزلەرنىڭ دادىل ئېيتىلىشى 1 ـ قېتىم بولۇپ هىساپلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي جەريانىدا 37 كىشىدىن تەركىب تاپقان شەرقىي ئۇركىستان خەلقئارا مىللىي كېڭىشى ( ش ت خ م ك ) مەيدانغا كەلدى.پەخرى رەئىس، رەئىس ۋە ئۇلارنىڭ رەهبەرلىگىدە ئىككى هەيئەت ئۇزۇلدى. 1 ـ مەسلەهەتچىلەر هەيئىتى، بۇ كېڭەشنىڭ سىياسى يۆنۈلۈش ئەزىرىيەۋى ئاساسلىرىغا مەسئۇل بولسا، 2 ـ ئىجرائىيە هەيئىتى بولۇپ يۇقىرىدىكى سىياسى يۆنۈلۈش، ئەزىرىيەۋى ئاساس ئاساسىدىكى ئۇزۇلگەن، مىللىي كېڭەشنىڭ نوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل.

شەرقىي ئۇركىستان خەلقئارا مىللىي كېڭىشى شەرقىي ئۇركىستان ئىنقىلاۋىدىكى يېڭى شەيئى بولۇپ، ئۇ ئىنشائاللاه، بۇرۇنقى كونا ئەنئەنىۋى، خاتا قاراشلار، پارتىزانلىق شەخس ۋە قەهرىمانلىق ئىدىيلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىنقىلاۋىمىزنى توغرا كوللىكتىۋ رەهبەرلىككە يېڭى بىر ئىستىقبالنى باشلىغۇسى.

خەلقئارادا كوممۇنىزىمنىڭ سىستىما سۈپىتىدە بەربات بولۇشى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بىزنىڭ كۆرشىمىزگە پايدىلىق بولغان ئامىللار كۆپەيمەكتە. خىتاينىڭ هازىرقى ئەهۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىقتىسادى جەهەتتىن ۋاقىتلىق مەلۇم ئەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا سىياسى جەهەتتىن ئىلگىرى هېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىنتايىن زور بۆهران پەيشىپ يېتىلمەكتە. خىتايدا كەڭ قانات يايغان ئەچچە مىڭ يىللىق قىنوداللىق ئىدىيە قالدۇقلىرىنىڭ پارتىيە ـ دۆلەت ئورگانلىرىدا ساقلىنىشى،

سىياسىئونلار بار. شۇنىڭدەك ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۆز بايلىقنى ئايىمىغان ۋەتەنپەرۋەر ھىممەتلىك بايلىرىمىز بار. مەن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى ھەققىدە ئويلانغىنىمدا ئىنقىلاپنى قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل ساھەلەردە يېتىشكەن كادىرلىرىمىز يوق، دەپ ئەندىشە قىلاتتىم. لېكىن قۇرۇلتاي جەريانىدا مەن ئۇچراتقان كىشىلەر ئارقىلىق شۇنى چۈشەندىمكى : بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىزنىڭ ھەرساھە ـــ ھەر قاتلاملاردا دەسلەپكى قەدەمدە خادىملىرىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . ئىنشائاللاھ، شارائىتلار قانچىلىك ئېغىر بولسۇن، بۇندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قىلىدىغان ۋە ياردەم بېرىدىغان كۆپلىگەن خادىملىرىمىزنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئىشىنىمەن . بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ قابىلىيەتلىك ھەرساھە خادىملىرىنى تەييارلاش ئىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلىك سۇپىتىدىكى ئۇتۇقلىرىنىڭ بىرسى : قۇرۇلتاي ئاياغلىشىپ كۆپ ئۆتمەي ئۆتكەن يىلنىڭ 22 ـــ دېكابىر كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن ئەيسا ئالپتېكىن باشچىلىقىدىكى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ ئۆتتى . ئۇچرىشىشلاردا شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تۈركىيە بۈيۈك مەجلىسىنىڭ رەئىسى ھىسامەددىن جىندۇرۇق، تۈركىيە مىللى كۆرەش پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ئالىپ ئارسلان تۈركەش، تۈركىيە باش مىنىستىرى سۇلايمان دېمىرال، تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەبرى ياۋۇز، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ھىكمەت چېتىنلەر ئۆز ھوزۇرلىرىدا قوبۇل قىلدى. باش مىنىستىر سۇلايمان دېمىرال شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرۇلۇق پىشقەدەم مۇجاھىد ئەيسا ئالپتېكىن ئىلتىجاسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىغاندىن كېيىن، ئەيسا ئالپتېكىنگە خىتاب قىلىپ : « بۈگۈنكى دۇنيا

ھەر خىل بولغاچقا ئۇنىڭ ئۇنۇمىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمىدى .

بۇ گويا ئورۇس سوتسىئالىزمى بىلەن خىتاي سوتسىئالىزمى كۆرۈنىشتە بىرخىلدەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىدىن كۆپ پەرقلىق بولغىنىغا ئوخشاش . بۇنى چۈشەنمىگەن خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بىزنىڭ ساددا، ئاقكۆڭۈل دوستلىرىمىز ۋە سوۋېت ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىن تىز ئارىدا خىتايدىمۇ شۇ ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقان ۋە پەرەز قىلىۋاتىدۇ. سوۋېت ئىمپېرىيەسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ بېشىغا كەلمەي قالمايدۇ. بۇ دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ لوگىكىسى. لېكىن خىتاي ئورۇس ئەمەس. ئۇنىڭ سىياسىتىنىڭ زالىملىقى ۋە ئەپسىنىڭ يامانلىقىنى تارىختىكى ھېچقايسى بىر جاھانگىرغا ئوخشۇتۇپ بولمايدۇ. شۇڭا بىز ھازىردىن باشلاپ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا كەلگۈسىدە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى يۈزلىنىدىغان پۈتۈن ئەھۋاللارغا قارىتا سىياسى. ئىددىيەۋى. ئىقتىسادى. مەدەنى. دىپلوماتىيە تەشكىلى جەھەتلەردە تولۇق تەييارلىنىپ. ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەق تۇرىشىمىز لازىم. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئوموميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بۇ قېتىم قۇرۇلتايدا مەيدانغا كەلگەن ش ت خ م كېڭىشىنى سىياسى - ئىددىيە يۆنۈلىشى توغرا، ئاممىۋى ئاساسى چىڭ، مۇستەھكەم ئىنتىپاقلاشقان تەشكىلنى مۇنتىزىم قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھۋالنى بىزگە سېلىشتۇرغاندا ئۇ ناھايىتى زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە . بۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىلاتىمىزنى خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشتە، ئىددىيەۋى، ئىقتىسادى جەھەتتىن مۇستەھكەم قۇرۇپ چىققاندىلا ئۇنىڭ بىلەن كۈرەشكە چۈشەلەيمىز. بىزنىڭ كېڭىشىمىز مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتكە ئاساسەن كېڭىشىمىزنىڭ ئۇچۇق ۋە يوشۇرۇن تەشكىلاتلىرىنى مەملىكەتنىڭ مۇۋاپىق جايلارغا قۇرۇش بىلەن بىرگە ۋاقتى كەلسە قانۇنى

40 يىلدىن بۇيان خىتاي كوممۇنىستلار پارتىيىسى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان توتالىتارىزىملىق سىياسەت تەرىپىدىن ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرى، ئەركىنلىكلىرى ۋە دېموكراتىيەنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىشى، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرخىل زىددىيەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆتكۈرلىشىشى، ھازىرقى خىتايىنى پارتىلاش ئالدىدىكى زور ۋولقانغا قىياس قىلىش مۇمكىن. ۋاقتى كەلسە ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان ماۋنىڭ مەفكۇرىسى ۋە مەملىكەتنى ھەربىي ئىدارە قىلىش بىلەن تۇتۇپ تۇرغان ئۇنىڭ بىر پارتىيەلىك فاشىستىك دىكتاتورىسى بىت - چىت بولىدۇ ۋە بۈگۈنكى قۇترىغان خىتاي ئىمپېرىيەسى پارە - پارە بولۇپ، ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ.

مۇشۇنداق بىزگە پايدىلىق شارائىتتا قولىمىزنى قوشتۇرۇپ. تەغدىرىدىن ئامەت كۈتۈپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. كونا خىتاي فېئوداللىرىنىڭ سىياسىتى ياكى بۈگۈنكى قىزىل خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىياسىتى بولسۇن ھېچقاچان باشقا مەملىكەتلەرنىڭ سىياسىتىگە بولۇپمۇ غەربنىڭ سىياسىتىگە ئوخشىغان ئەمەس. ھەممىگە مەلۇمكى : سىياسەت ئىقتىساتنىڭ مەركەزلەشكەن كۆرىنىشى بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئۆز ئىچىگە پۈتۈن ئىجتىمائىي ئامىللارنى بولۇپمۇ شۇ مىللەتنىڭ خاراكتېرىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. بىر ۋاقىتلاردا شەرق بىلوكىغا ئومۇمىي ئىدىيە سىستېمىسى سۈپىتىدە ماكسىزىم لېنىنىزىم ئىدىيىسى رەھبەرلىك قىلاتتى لېكىن ھەر بىر مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، تارىخىي، جۇغراپىيەۋى، مىللىي، ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكلىرى پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن بىر - بىرىدىن شەكلى ھەتتا مەزمۇنى تەرەپتىن ئوخشاشمايدىغان مەسىلەن : ماۋىزىم، تىتونىزىم، ئەنۋەر خوجائىزىم، كاستىروئىزىم .... لار مەيدانغا كەلدى. بۇ مەملىكەتلەر ئومۇمىي ئاتىلىشتا بىر سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەر دەپ ئاتالسىمۇ، بۇ مىللىي مەملىكەتلەردە سوتسىيالىزىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى

بىلەن شەرقىي تۈركىستان بۈگۈنكى كۈندە 21 ـ ئەسىرنىڭ ھارپىسىدە ئۇنتۇلغان مەملىكەت، ئۇنىڭ خەلقى ئەسىر مىللەت بولۇپ قالدى. مەملىكەت خەلقى ئۆز ۋەتىنىنىڭ نامىنى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتاشقا ھوقۇقلۇق ئەمەس. ئەگەر ئاتىغانلار بولسا ئۆزلىرىنى ئاز دىگەندە تۈرمىدە كۆرىدۇ... شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا كەڭ تەشۋىقات قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى مەملىكەت خەلقىگە، پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارادا بىزگە مۇناسىۋەتلىك ئەسىر دائىرىسى زور بولغان مەملىكەتلەردە، گېزىت ـ ژورنال، كىتاپ، رادىئو، تېلېۋىزىيەلەرنى ئاساس قىلغان نەشرىيات ھەم ئاخبارات تورلىرىنى شەكىللەندۈرۈش ھەم دۇنيادىكى داڭلىق ئاخبارات، نەشرىيات، ئاگېنتلىقلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاش.

3 ـ شەرقىي تۈركىستان ئىلمى تەتقىقات مەركىزىنى قۇرۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ شۇنىڭدەك بىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەملىكەتلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، تارىخى... ئەھۋالىنى ئۆگۈنۈش ئۈچۈن ئىلمى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىش، تارىخى، مەدەنى يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىنغان تارىخىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەتىجىسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش، جامائەتچىلىك پىكىرلىرىنى ئۆگۈنۈش ئۈچۈن سوتسىئالوگىيە تەتقىقاتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى ھاياتقا تەتبىقلاش.

4 ـ خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ مىللى ئاسسىمىلاتسىيون سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆپلەپ چىقىرىپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تۈرك مىللەتلىرىنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقىنى يوقۇتۇش، تۈرك مىللەتلىرىگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ئۇغۇتنى

كۆرەش بىلەن قۇراللىق كۆرەشنىمۇ بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى قانۇنى كۆرەش بىلەن كېڭىشىمىزنىڭ كەلگۈسىدە شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلىدىغان لېگال تەشكىلاتى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلاش، بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىزنى ئويغۇتۇپ، خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق زۇلۇملىرىنى پاش قىلىش، خەلقىمىزنى ھەق ئادالەتلىك بۇ مۇستەقىللىق كۆرىشكە چاقىرىپ، شارائىتقا ماسلىشىپ، كۆرەشنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىدىن پايدىلىنىش لازىم.

1 ـ ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى بۇندىن 40 ـ 50 يىللاردىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئۆزگىچە پەرقلىنىدۇ. دۇنيا ئۆزگەرگەن، شەرقىي تۈركىستان ئۆزگەرگەن، دۈشمەنلەر ئۆزگەرگەن، خوشنىلار ئۆزگەرگەن ھەتتا ئۆزىمىزمۇ ئۆزگەرگەن يېڭى بىر شارائىتتا تۇرۇپتىمىز. بۇ ئەھۋالدا شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى كونا ئۇقۇم، كونا ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ پىكىر قىلىشىمىز، دۇنيانى چۈشىنىشىمىز مەسىلىلەرگە قوللىنىدىغان ئۇسۇل ـ چارە، تاكتىكا ـ ستراتېگىيەلىرىمىزمۇ يېڭىچە بولىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى يېڭى ۋەزىيەتنى داۋاملىق ـ ئۆگىنىشىمىز، ئۇنى تەدقىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭدىن ئالغان تەجرىبە ساۋاقلىرىمىز ئاساسىدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىنقىلاۋى يۆنىلىشىمىزگە پايدىلىق بولىشى ئۈچۈن يېڭى سىياسى، يېڭى ئىستراتېگىيە قوللىنىشىمىز لازىم. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بولۇپمۇ 100 يىلدىن بۇيانقى مۇستەقىللىق كۆرەش تارىخىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ تەدقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىپ، ئىنقىلاپنىڭ باش سىياسەت، تاكتىكا ـ ستراتېگىيەلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىپ، كېڭەش رەھبەرلىرى، كېڭەش ئەزالىرى، مۇھەم تېپىلغان كىشىلەرنى تەربىيەلەش كېرەك.

2 ـ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىنقىلاۋىمىزغا خائىنلىق قىلىشى، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قانلىق زۇلۇمى

مۇناسىۋەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرك قېرىنداشلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئۇلارنى پارچىلاپ يۇتۇۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش بىلەن بىرلىكتە. تۈرك خەلقلىرىنىڭ كېلەچەكتىكى ئۇلۇغ ئىتتىپاقىغا ئۆزىمىزنىڭ ھەسسىسىنى قوشۇش.

9 ـ دۇنيادىكى ئىسلام مەملىكەتلىرىگە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى تونۇتۇش، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىتىش. ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى، ياردەملىرىنى، خەلقئارادا خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى ئىسلام دۇنياسىنىڭ روھى ۋە ماددى بېسىمىنى ھېس قىلدۇرۇش.

10 ـ خەلقئارادىكى ھەق ــ ئادالەت، دېموكراتىيە. ئىنسان ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغۇچى ئەركىن دۇنيا، ھەر قايسى ئەل مەملىكەتلىرى، خەلقئارادىكى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلارغا شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى تونۇشتۇرۇش. ئۇلارغا ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئىبەرتىش، ئىمكان بولسا. شۇ مەملىكەتلەردە ش ت خ م كېڭەشىنىڭ ۋاكالەتخانىلىرى قۇرۇپ. شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنيا ئەپكار ئاممىسىغا تونۇشتۇرۇش ( بۇ مەسىلىدە دالايلاما باشچىلىقىدىكى تىبەتنىڭ چەتئەللەردىكى ھۆكۈمىتىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە بولىدۇ).

11 ـ يېقىنقى زامان شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق تارىخىدا چار روسىيەسىنىڭ بولسۇن ياكى سوۋېت روسىيەسىنىڭ بولسۇن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا بەرگەن تەسىرى ئىنتايىن زور بولىدى. بۇ مەملىكەت ھازىر دېموكراتىيە يولىدا، مۇشكۇل لېكىن كەلگۈسى پارلاق يولنى بېسىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ مەملىكەتكە قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلغان بىر قانچە قېتىملىق ساتقۇنلىقلىرىنى تونۇتۇپ، بۇندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ياردىمىنى قولغا

مەجبۇر چەكلەش سىياسەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ بۇ ھەقتە خەلقئارادا كەڭ ئەشۋىقاتلار ئېلىپ بېرىش، بۇ ئەھۋالنى ب م ت باشلىق خەلقئارادىكى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلارغا يەتكۈزۈش.

5 ــ لوپنۇر پولىگونىنى ئاساس قىلغان ھالدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاتوم سىناقلىرىغا قارشى كەڭ كۆلەمدە خەلقئارالىق تەشۋىقاتلار ئېلىپ بېرىش، شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەملىكەتلەردە ھەم دۇنيادا تەسىر دائىرىسىگە ئىگە مەملىكەتلەردە خىتاينىڭ ئاتوم سىناقلىرىنى توختىتىش ھەققىدە نامايىشلار ئۆتكۈزۈش. خىتاي ئەلچىخانىلىرىغا مىمورانددۇملار، دۇنيادىكى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلارغا مۇراجىئەتنامىلەر ئەۋەتىش، خەلقئارا يىغىنلار ئېچىش.

6 ــ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېكولوگىيەلىك، دېموگرافىيەلىك ئەھۋاللىرىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەچۈرۈپ بولمايدىغان جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش، يادرو قۇراللىرىغا قارشى، مۇھىتنى قوغداش ھەققىدە ئەملىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىپ، نامايىشلار ئۆتكۈزۈش، خەلقئارا تەشكىلاتلارغا، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا شىكايەت ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىش، باياناتنامىلار ئېلان قىلىش.

7 ـ بىز بىلەن ئورتاق كۆرەشتە بولغان تىبەت ۋە ئىچكى مۇڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ خىتاي ئىستىلاچىلىرىغا قارشى كۈچلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ھەمكارلىقتا كۆرەش ئېلىپ بېرىش، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان خىتاينىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى دېموكراتىك كۈچلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىق ۋە ياردەملىرىنى قولغا كەلتۈرۈش.

8 ـ بىزگە قېرىنداش مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى، دۇنيادىكى تۈرك خەلقلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى قېرىنداشلىق

ۋەزىيەتلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەشنى كۆزدە تۇتقان ئىنقىلاۋىمىز ئۈچۈن زور مىقداردا ئىقتىساد كېرەك. ئىقتىساد بولمىسا ھېچ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشنى ھازىردىن باشلاش، باشلىغاندىمۇ بۇ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىغا بېغىشلىغان فوند ئۈلۈك ھالدا ئەمەس، جانلىق ھالدا ھەرخىل تىجارەتلەر شەكلى بىلەن كۆپەيتىلىدىغان بولسۇن.

1993 ـ 4 ـ مارت ئادېلايدې شەھرى ـ ئاۋىستىرالىيە.

كەلتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك. بۇ، موھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

12 — خىتاي خەلقى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. لېكىن شەرقىي تۈركىستان ھېچقاچان قەدىم زامانلاردىن تارتىپ خىتاي تەۋەلىكىدىكى مەملىكەت بولغان ئەمەس. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت داۋاملىق دوست — دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت — ئىستىلاچى جاھانگىر مەملىكەت بىلەن ئۆز مۇستەقىللىقىنى قوغدىغۇچى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بولۇپ كەلدى. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى بولۇپمۇ قىزىل خىتاي ئىستىلاچىلىرى مەملىكىتىمىزگە تاجاۋۇزچى ئاتا - بوۋىلىرى قويغان، ھاقارەتلىك « شىنجاڭ » نامىنى ۋەتەن - خەلقىمىزگە زورلاپ تېڭىپ، دۇنيا 21 — ئەسىرگە قەدەم بېسىۋاتقان ھازىرقى دەۋردىمۇ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ فاشىستىك ئاسسىمىلاتسىيون سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مەملىكەت ئىچىدە خىتاي خەلقىنى ۋە خەلقئارادا دۇنيا ئەپكار ئاممىسىنىڭ كۆزىنى بوياپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى خىتاي خەلقى ۋە دۇنيا خەلقىگە چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىمىزغا بولغان ھېسداشلىق ۋە ياردەملىرىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

13 - ئىنقىلاۋىمىز سېپىگە يەنىمۇ كۆپلىگەن ياش كۈچلەرنى تارتىپ، ئىنقىلاۋىمىزنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىشىنى ھازىردىن باشلاش كېرەك. ھازىرنىڭ ئۆزىدە كۆپلىگەن بىلىملىك، قابىل ياشلىرىمىز بار، ئۇلارنى ئۆز ئىچىمىزگە تارتىپ ئۇلارغا ئىشىنىپ مۇھىم خىزمەتلەرنى تاپشۇرۇش كېرەك. چەتئەلدە يۈرگەن ياشلارنى مۇشۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن تەشكىللەپ، ئىنقىلاۋى سېپىمىزنى يېڭى كۈچلەر بىلەن كۈچەيتىشىمىز لازىم.

14 — ش ت خ م كېڭەشنىڭ سىياسىي يۆنىلىش، پروگرامما، پىلان

زىمىنىمىزنى بىسىپ ياتقان كومىنىزىمنىڭ ئاخىرقى جاھىل قورغىنى قىزىل خىتاي جاھانگىرلىگىلا ئۆزىگە چىگىرىداش ـ خوشنا بولغان ئاشۇ مۇستەقىل مەملىكەتلەردىكى ئەركىنلىك، دېموكراتىيە شامالىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن ئالاقزادە بولماقتا ...

ئاۋستىرالىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ۋەتەنداشلىرىمىز مۇشۇنداق بىر ياخشى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆز مىللى ئورپە ـ ئادىتىمىز، تىلىمىز، دىنى ئىتىقادىمىزنى ساقلاپ قېلىپ، مىللى مەۋجۇتلىقىمىزنى ئاسراش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ جىددى مەسىلىلەر جۈملىسىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. دەسلەپ كىچىك. ئائىلە ئىپتىكى جەمىيەتلەرمۇ، قېرىنداشلىق قەۋىملىرىمۇ قۇرۇلدى. ئاقىۋەتتە، « بىرلەشكەن ئۇزار، ئايرىلغان تۇزار » دىگەن ئاتىلار سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇيۇل بىر جەمىيەت قۇرۇش قارارىغا كەلدۇق ۋە 1992 ـ يىلى 25 ـ ئاپرىل كۈنى ئەجداتلىرىمىزدىن بىزلەرگە مىراس بولۇپ قالغان ئۇلۇغ ھەم بىپايان ۋەتىنىمىز تۈركىستان نامى بىلەن « ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمىتى » نى قۇرۇپ چىقتۇق. ئەسىس يىغىنىدا جەمىيەتنىڭ نىزامنامىسى ئەستىقلىنىپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىقتۇق. جەمىيەتنىڭ ئىجرائى ھەيئىتى 7 كىشىدىن ئەركىپ تاپتى. ئۇلار مۇئاۋىن رەئىس ـ مۇھەممەد ئابدۇللا، كاتىپ ـ تاھىرجان مەھمۇت، خەزىنچى ـ يۇسۇپ روزى، ھەيئەت ئەزالىرى ـ يولداش غوجا، سۆيۈنگۈل خانىم ۋە ئالىمجان ھەسەن، جەمىيەت رەئىسى ـ ئۇشبۇ سەترلەر مۇئەللىپى ئەخمەت ئىگەمبەردى.

« ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمىتى » نىڭ مەقسىتى :

ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان تۈركىستانلىقلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىمىز ھەم كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىزنى ئىبىل ئۆرپە ـ ئادەت، ئەنئەنىلىرىمىز، تىلىمىز، دىنىمىز، پەن ـ مەدەنىيتىمىز ۋە تارىخىمىزغا ھۆرمەت ئەزىرىدە قاراش توغرىسىدىن تەربىيلەش، ئۆز مىللى مەۋجۇتلىقىمىزنى

# ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيتى

ئاۋىستىرالىيە : يەر مەيدانى 7 مىلىيەن چاسا كىلومىتىر، ئاھالىسى 17 مىلىيون كىشى. ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئىتتىپاقى ئىچىدىكى كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. ئىنگلىز تىلى دۆلەت تىلى ھېساپلىنىدۇ. پايتەختى كامبىررا شەھىرى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە يىراق ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان تۈركىستانلىقلارنىڭ - ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتارلارنىڭ دەسلەپكى باھار قالغاچلىرى بۇنىڭدىن 17 يىل ئىلگىرى نەينى زاماندىكى سىياسى — ئىجتىمائى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ( بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ) غۇلجا شەھىرىدىن كۆچۈپ كىلىشكەن ئىدى. 80 - يىللاردىن ئىتىبارەن غۇلجا، ئۈرۈمچى، چۆچەك قاتارلىق شەھەر ھەم ۋىلايەتلەردىن 100 گە يېقىن ئائىلىلەر كۆچۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئومومى سانى 300 دىن ئوشۇق.

ئاز ساندىكى ئۆرپ - ئادەت، تىلى، دىنى، پەن — مەدەنىيىتى ئوخشىمايدىغان دۇنيانىڭ ئىككىنچى بىر چېتىدىن كەلگەن بىز تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن بۇ مەملىكەتتە ياشاش ئاسانغا چۈشكىنى يوق. ئەلبەتتە، ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتى بىزلەرنىڭ ماكانلىشىپ ياشىشىمىز ئۈچۈن شەرت - شارائىتلار يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ. ئۇلاردىن ئەركىن - ئازادە پايدىلىنىش ئۈچۈن ھەممىنى باشتىن باشلاشقا توغرا كەلدى. سوغاق ئۇرۇش تەھدىدىنىڭ يۇمشىشى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋرۇپا مەملىكەتلىرىدە سوتسىيالىزىم ۋە كوممىنزىمنىڭ بەربات بولىشى، س س س ر نىڭ پارچىلىنىپ، ئىمپىرىيەسىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا قىرنداش بەش مۇستەقىل دۆلەت ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇرلانى پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى دىگىدەك ئېتىراپ قىلدى. ئەمدىلىكتە پەقەتلا بىزنىڭ مۇبارەك

پەرزەنتلىرىمىز شەنبە كۈنلىرى ئانا تىلى، دىن ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز ھەققىدە تەلىم - تەربىيە ئېلىشماقتا. بۇ مەكتەپلەرگە يولداش خوجا، ئىرىك ۋە خەيرىنىسا، پەرىدە مۇشەررەپ خانىملار رەھنامىلىق قىلىپ، تارىخ، تىل ئەدەبىياتتىن دەرس ئوقۇتۇۋاتقان بولسا، تۈركىيەنىڭ قەيسەرىدىن كەلگەن ئىمامىمىز ئەخمەت قىلىچ دىن ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن تەلىم بەرمەكتە.

جەمىيىتىمىز شۇنداقلا، خەلقىمىزنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئېقىم مەسىلىلىرى، ئاۋستىرالىيەنىڭ دۆلەت قانۇن - نىزاملىرى، ئىجتىمائى سىياسى ھەم مەدەنى مۇناسىۋەتلەرگە دائىر ئۇچۇر — خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلەپ، ھەرخىل پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇپ بارماقتا. يېقىن كەلگۈسىدە يۇرتداشلارنىڭ خەيرى ئېھسانى بەدىلىگە بىر جامە مەسچىتى سېلىش نىيىتىمىز بار.

ئاۋستىرالىيەدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى ئاساسەن زاۋۇت — فابرىكىلاردا ئىشچى بولۇپ ئىشلىسە، بىر قىسىملىرى دوختۇرخانا ۋە باشقا مۇئەسسەسەلەردە، كومپيوتۇر ھېساپلاش ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىدۇ. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ باللار باغچىسى، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تەھسىل كۆرۈۋاتقانلىرىمۇ كۆپەيدى. بىر قانچە يىگىت — قىزلىرىمىز ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھەرخىل فاكولتېتلىرىنى تاماملاپ چىقىشتى.

جەمىيىتىمىزنىڭ قىسقا قەرەلدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تىلغا ئېلىشتا يەنە مۇشۇ يىلى 17 - ئاپرېل كۈنى بولۇپ ئۆتكەن ئۇچرىشىش ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈش مەخسەتكە مۇۋاپىقتۇر. مۇشۇ شەنبە كۈنى تۈركىستانلىقلار خولدىنىخىل جامائەت كۇلۇبىغا توپلاندى. بۇ يىغىنغا جەنۇبى ئاۋستىرالىيە شىتاتىنىڭ سابىق شىتات باشلىقى ھەم پارلامېنت ئەزاسى جون باننون جاناپلىرى، جەنۇبى ئاۋستىرالىيە مىللى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن گاردىنى، ئىنفىلد شەھەرلىك كونسۇلىنىڭ مايورى روي ئەمىر قاتارلىق جاناپلار، جەنۇبى ئاۋستىرالىيە مىللى مەكتەپلەر

ساقلاپ قىلىش بىلەن پۈتۈن تۈركىستاننى كەلگۈسىدە ئاۋىستىرالىيە جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇش.

ۋىدىيەممىز : بۇقۇرىدا قەيت قىلىنغان ئىزگۈ مەقسەت نىشانلارنى ئاقىلانە چۈزىپ ، تەدبىرلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۆرەشمەك .

ئىنشائاللاھ، تۈركىستان جەمئىيتى قۇرۇلىشى بىلەن ئىشلىرىمىز بىر قۇر يۈرۈشۈپ كەتتى. ئارقا-ئارقىدىن، كىچىكلىكتىن كاتتىلاشتۇق، ئارىدا ئاز ۋاقىت ئۆتمەي جەمئىيتىمىزنىڭ ئىككى نەپەر ۋەكىلى جەنۇبى ئاۋىستىرالىيە ئىسلام جەمئىيتىنىڭ رەھبىرى ئورگانىغا سايلاندى . جەمئىيتىمىزنى جەنۇبى ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمەت دائىرلىرى پات ئارىدا ئېتىراپ قىلدى. ھازىرقى كۈنلۈكتە خەلقئارادىكى جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلار بىلەن جۈملىدىن تۈركىيە، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، تاتارىستان، ئامرىكا، گېرمانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى تۈركىستان جەمئىيەتلىرى بىلەن ئىجتىمائى، سىياسى ۋە مەدەنى مۇناسىۋەتلەرنى مۇمكىن قەدەر كەڭ ـ كۈشادە ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. ئۆتكەن يىلى 12 ـ 14 دېكابىر كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبول شەھرىدە بولۇپ ئۆتكەن « شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا قۇرۇلتايغا » جەمئىيتىمىز نامىدىن ۋەكىللەر قاتناشتى. ئىنشائاللاھ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قانداش ـــ قېرىنداشلىرىمىزمۇ بەئەينى غەربىي تۈركىستاندىكى مىللى بۇرادەرلىرى كەبى مۇستەقىللىق، چىن مەنىسىدىكى ھۆرلۈك ۋە ئازاتلىققا ئېرىشكەي !

ئاۋىستىرالىيەدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئالدىدىكى مۇھىم مەسىلەرنىڭ بىرى مىللى مەكتەپ ئىدى. بۇنىڭدىن 10 يىل مۇقەددەم ۋەتەندىشىمىز سۆيۈنگۈل خانىم ئاۋىستىرالىيەدە ئۇنجى قېتىم ئۆز ئۆيىدە تىل ۋە دىن سىنىپىنى ئاچقان ئىدى. يۇرتداشلارنىڭ ئىرىشچانلىقى بىلەن مىللى مەكتەپلىرىمىز ئىبخىمۇ كېڭەيدى. ئۆتكەن يىلى ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان مىللى مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ھازىر بۇ يەردە 60تىن ئوشۇق

# غەربىي تۈركىستان خەلقى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئېرىشتى، ئۆۋەت ئەمدى شەرقىي تۈركىستاندا ...

- « ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمىيتى خەۋەرلىرى » نىڭ باش ماقالىسى

قىممەتلىك كىتاپخانلار :

1994 ــ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن « ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمىيتى خەۋەرلىرى » نىڭ دۇنياغا كېلىشىنى چىن قەلبىمىزدىن مۇبارەكلەيمىز.

بۇ كىچىككىنە خەۋەرنامە ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان بارلىق تۈركىستانلىقلارنىڭ يۈرەك ساداسىدۇر.

بۇ ياڭراق سادادىن سىز بۈنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن سوۋېت ئىمپېرىيەسى غۇلىغاندىن كېيىن غەربىي تۈركىستاندىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستان ناملىق قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ ئۇلۇغ ئەنتەنە، تۇگۇمەس خۇشاللىق سادالىرىنى ئاڭلىسىڭىز، ئەڭ موھىمى كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىشغالىيىتىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ــ ( شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى - شىنجاڭ خىتايچە يېڭى تۇپراق ــ يېڭى چېگرا دىمەكتۇر ) خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى فىئودال، مىللەتچىلىرى بىلەن بۈگۈنكى خىتاي كوممۇنىست باسقۇنچىلىرىدىن كۆرگەن ۋە كۆرىۋاتقان قانلىق بېسىم، تېرور، ئاچارچىلىق، ئاياق ــ ئاستى قىلىنىش، ۋەيرانچىلىق، ئەڭ دەھشەتلىكى ئاسسىمىلاتسىيە ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقلار دەستىدىن ئەرشى - ئەلاغا يەتكەن ئاھۇ زار، قايغۇ ئەلەملىرىنى ئاڭلايسىز. بۇ قايغۇ ــ ئەلەم، ئاھۇ زار سادالىرىدا بىچارە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دەردىگە داۋا ئىزدەپ، كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى ئۈستىدىن تۆككەن قانلىق

ئىدارىسى، مىللى مەكتەپلەر ئۇيۇشمىسى قاتارلىق يەرلىك ھۆكۈمەت، ئىدارە — تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇلى، ئاۋىستىرالىيە ئىسلام جەمىيەتى فېدىراتسىيەنىڭ رەئىسى، جەنۇبى ئاۋىستىرالىيە ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ھەم ئادېلائىي تۈرك جەمىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، مارري بىرىج، ۋىرجىنىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئاناتولىيەلىك تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەكىللىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى. خۇسۇسەن، ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكەن بۇ مەجلىسكە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى مەدەنى - مەئرىپى ئالاقىلار مىللى بىرلەشمىسى تاشقى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئادىل بارىبايېۋ نىڭ قاتنىشىشى بىزگە چوڭ خۇشاللىق بولدى.

1993 - يىلى ئاپرېل . ئادېلايدىئي . ئاۋىستىرالىيە .

بۇ ماقالە « يېڭى ھايات » گېزىتى، ئالمۇتا، 1993 - يىلى 17 — ئىيۇل ساندا ئېلان قىلىنغان .

گازارمسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى شەرقىي تۈركىستان بۈگۈن خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ سىناق مەيدانى سۈپىتىدە بۇ دۇنيانىڭ ۋەيلون دوزىخىغا ئايلاندى ھەم يەرلىك خەلق ئۆزىنىڭ روھى ۋە مىللى مەۋجۇتلىقىدىن ئاستا ـ ئاستا ئايرىلىپ قالماقتا. خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى يۈرگۈزىۋاتقان بۇ ئىپتىقلى بولمايدىغان كەچۈرگۈسىز جىنايەتلىرىنى داۋاملىق دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن يوشۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىنى، ئاھۇ ـ زارلىرىنى بوغۇپ تاشلاپ، دۇنياغا ئاڭلاتمايىۋاتىدۇ.

لېكىن دۇنيا ئۆزگەرگەن، ئىنشائاللاھ، بۈگۈن ئىنسان ھوقوقى، دېموكراتىيە ھەم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پىرىنسىپلىرى دۇنيانىڭ ئاساسى يۆنۈلۈشى بولۇۋاتقاندا، ئەمدى زوراۋان كۈچلەرنىڭ ئاجىزلەرنى بوزەك قىلىشىغا دۇنيا قول قويۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدۇ.

ھۆۋەتتە خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئۆزى ھەل قىلالمايدىغان ئانتىگۇنىستىك زىددىيەتلەر ئىچىگە چۆكۈپ قالدى. بۇ زىددىيەتلەردىن ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرىشىنىڭ يېڭى ئىراسى باشلاندى . سوۋېت ئىمپىرىيەسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ قارا كۈنلەر خىتاي ئىمپىرىيەسىنىڭمۇ بېشىغا كەلمەي قالمايدۇ...

ئەمدى مۇستەقىللىق ئەركىنلىك ئۆۋىتى خىتاي كوممۇنىست باسقۇنچى ھۆكۈمىتىگە قارشى مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تىبەت، ئىچكى مۇڭغۇلىيە خەلقلىرىگە كەلدى...

بۇ كىچىككىنە خەۋەرنامە ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئاۋىستىرالىيە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ

دەرد، ئاچچىق ئەرىز ـ شىكايەتلىرىنىمۇ ئاڭلايسىز.

كوممونىزىمنىڭ ئاخىرقى جاھىل قورغىنى بولغان ــ بېيجىن هۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا كۆپچۈلۈكنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار باشچىلىقىدىكى تۈركىي مىللەتلەرنى مىللەت سۈپىتىدىن يوقۇتۇۋېتىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن مەجبۇرى ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن قانلىق جازا يۈرۈشلىرىنى باشلىۋەتتى.

ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندا سىياسى تەرەپتىن ئاتا ــ بوۋىلىرىنىڭ : « بۆلۈپ تاشلاپ، ئىدارە قىل » سىياسىتىنى كۈچەپ يۈرگۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنى بىر بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى شۇ ئارقىلىق ئىدارە قىلسا، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەلىرىدە خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئىلىپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاننى بۇلاپ ـ تالاپ. شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ قوللىرىدا بار پۈتۈن هوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلدى. مىليونلىغان خىتاي كۆچمەنلىرىنى مەجبۇرى شەرقىي تۈركىستاندا ئورۇنلاشتۇرسا، ئىككىنچى تەرەپتىن « مەجبۇرى تۇغۇتنى كونترول قىلىش » سىياسىتى ئارقىلىق مىليونلىغان بوۋاقلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ. ئۆز يېرىمىزدە ئۆزىمىزنى ئاز سانلىق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ يىللىق ئۆسۈشى توختىدى.

ئاتوم ۋە خىمىيە قۇراللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا توختىماي سىناق قىلىنىشى بىلەن يەر، سۇ، هاۋا ـ بىر ئىغىز سۆز پۈتۈن مۇھىت بۇلغاندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تارىختا كۆرۈلمىگەن ھەم قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان جىگەر، ئۆپكە. قان، تېرە راك كىسەللىكلىرىمۇ كۆپەيمەكتە. شۇ كىسەللەر سەۋەبىدىن يۈزمىڭلىغا شەرقىي تۈركىستانلىقلار هاياتىدىن ئايرىلدى، بېيجىن هۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قانلىق باستۇرۇش ھەم باشقا قوشنا مەملىكەتلەرگە كېڭەيمىچىلىك قىلىش غەرىزىدە بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاندا مىليونلاپ ئەسكەر تۈرغۇزۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئەسكەرلەر

# « ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش »

ئۆتكەن يىل نويابىردا بېيجىڭ دائىرىلىرى خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ( شەرقىي تۈركىستان ) دا 5. 4 بال بەر تەۋرەپ 4 ئادەم ئۆلگەنلىكىنى، بىراق ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىغانلىقىنى ئېيتىپ، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان دەھشەتلىك پاجىئەلەرنى دۇنيا ئەپكار ئامىمىسىدىن يوشۇردى...

ھەقىقىي ئەھۋال راستىنلا بېيجىڭ دائىرىلىرى خەۋەر قىلغاندەكمۇ ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۆتكەن يىلى نويابىردا كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە 7 بال بەر تەۋرىگەن. بۇ قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك يەر تەۋرەشتە 40 مىڭدىن ئوشۇق يەرلىك ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ۋەيرانلىققا ئۇچراپ، 1000 دىن ئوشۇق ئادەم ئۆلگەن، بىرقانچە مىڭ ئادەم ياردار بولغان، ئونمىڭلارچە ئادەملەر ئۆي ماكانسىز قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئاچلىق، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىلاجسىز يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ، قىشنىڭ دەھشەتلىك سوغاقلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا شەھەرلىرىگە چىقىپ سەرگەردان بولۇپ كىتىشكە مەجبۇر بولغان ...

بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆتمۈشتىكى فىئودال باسقۇنچى ئاتا — بوۋىلىرىنىڭ « ياتلارنىڭ ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش » دىگەن زەھەرلىك تەلىمىگە ئاساسەن، يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ ئومومى زىيىنىنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئىتتىرىپ قويدى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ « قىزىل يىرىم ئاي جەمىيتى » تۈركى خەلقلەرنىڭ قىيىن ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئىككى نەپەر ۋەكىلىنى ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرىدە ياشاۋاتقان شەرقىي

ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك ۋە خەلقئارا خەۋەرلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان.

بىز جانابى ئاللاھتىن ئاۋستىرالىيەدە، خەلقئارادا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۈگۈنى ۋە كېلەچەكى ئۈچۈن، بۇ ئۇلۇغ خىزمىتىمىزدە توغرا يولدىن ئازماي، قەتئى داۋاملاشتۇرۇشقا ئەقىل - ئىدراك، كۈچ ۋە غەيرەت تىلەيمىز.

ماقالە 1994 - يانۋاردا يېزىلغان.

( ماقالىنىڭ ئىنگىلىزچىسى « ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمىيتى » 1994 - يانۋار سانىدا ئېلان قىلىنغان . )

ئىچىۋالقان خىتايلار، ئىگىز - ئىگىز بىنالاردا راھەتلىنىۋالقان يەنە خىتايلار... يول ياقىلىرىدا تەمتىرەپ يۈرگەن مىڭلىغان ئۇيغۇر دىۋانىلىرى... قار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۇچىغىدىكى بالىسىنى بىر قولى بىلەن كۆكرىكىگە چىڭ بېسىپ، ئوڭ قولىنى ئىگىز كۆتىرىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان ئانا زارلاپ يىغلايدۇ... مىغىلداپ ئۆتۈۋاتقان خىتايلار ئۇنىڭ زارىنى ئاڭلار ئەمەس. ئاندا - ساندا بىر ئۆتۈپ قالىدىغان يەرلىك تۇرۇكلەر تىلەمچى ئانىغا ئاز - تولا بىر نەرسە بېرىپ ئۆتۈۋاتىدۇ. كوچىنىڭ يۇقىرىسىدىن يىپ - يېڭى « خۇڭچى » كىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە غادىيىپ ئولتۇرغان ئاپتونوم رايونىنىڭ شۇجىسى بۇرنىنىڭ ئىگىدىن ئىڭىشىپ، ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىپ بارغان شوپۇرغا : « تىلەمچىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرەر خەنزۇنى كۆردىڭمۇ؟ شىياۋجاڭ ؟ » دەپ سورىدى. شوپۇر غورۇرلىنىپ : « ياق شۇجى، ياق، قانداق قىلىپ بۇ ياۋايى دىۋانىلەرنىڭ ئارىسىدا بىزنىڭ ئۇلۇغ خەن ئەۋلادلىرى ئولتۇرسۇن. يەر بىزنىڭ، زامان بىزنىڭ ! » دىدى . « توغرا ئېيتىسەن ! » — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى شۇجى :« مەن شىنجاڭغا كەلگىنىمگە قىرىق يىلدىن ئاشتى، بۇ يەردە ھەممە نەرسە تۈپتىن ئۆزگەردى، بەزى بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىز بۇ ياۋايىلارنى « ئالتۇن ئاۋاق كۆتەرگەن دىۋانە » دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلار توغرا ئېيتىدۇ. بىراق، بۇ ئالتۇن ئاۋاق ئۇلارغا ئەمەس بىزگە مەنسۇپ . » دىدى . شۇجى ماشىنا دېرىزىسىدىن كوچىغا قارىۋىدى، يەنە بىر توپ دىۋانىلارنى كۆردى. ئۇنىڭ قىسماق خونۇك كۆزلىرىدە شاتلىق ئۇچقۇنلىرى ياندى، ئۇنىڭ ياغاق سۆرۈن يۈزلىرىدە سوغاق مەسخىرە كۈلكىسى پەيدا بولدى. « خۇڭچى » يولدىكى قار ئۇچقۇنلىرىنى ئەتراپقا چاچرىتىپ كوچىلاردىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى.

1994. 25. مارت. ئادېلايدي. ئاۋستراليە.

تۈركىستانلىقلاردىن خەيرى - ئېھسان سوراشقا ئەۋەتتى...

قاراڭ ! ھا - ھا ـــ ھا ! شەرمەندىلىكتە ئۈچىنچى چىققان كوممۇنىست خىتاي ئىستىلاچىلىرى ئىمە دېگەن ئۇستا - ھە ! خىتايلار ئۆزلىرى خوش بولۇپ « يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرنىڭ كۇۋەيتى » دەپ دۇنياغا ماختىنىدىغان مۇستەملىكە ئۆلكىسى ـ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنى بۇلاپ - تالاپ، ئۇنىڭ بەختسىز خەلقىنىڭ قان، تەر، يىلىكىنى شوراپ، يىگىنى ئاز دېگەندەك ئەمدى چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالايى ـ ئاپەتلەرگە بولغان خەيرى ـ خاھلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلاردىن بىرەر ئەرسە ئۈندۈرىۋېلىشنىڭ يولىنى تاپتى... ئەقىل دېگەن شۇ.

خىتاي ئەمەلدارلىرى يەرلىكلەرنىڭ دەردىنى بىلىپ تۇرسىمۇ بىلمەسلىككە، كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆرمەسلىككە سالدى، « يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى جېنىمنىڭ راھىتى » دېگەن شۇ - دە . ئۇلار « بىر يېۋەن بولسىمۇ شۇ ياتلارغا كەتمەي، لوپنۇردىكى ئاتومغا ئىشلىتىلسۇن، ئاتوم بولسا، دۇنيا بىزنىڭ » دېيىشىدۇ.

ئەنە ! شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىنىڭ كوچا ـ كويلىرىدا قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان مىڭلىغان ئاتا ـ ئانىلارنى كۆرۈڭ، قىز - ئوغۇللارنى كۆرۈڭ. ئۇلار قەشقەردىكى يەر تەۋرەشتىن كېيىن ھېچقانداق باش پانالىققا ئىگە بولالماي، قاخشىغان جانلىرىغا بىر ئاز ئارام تېپىپ، ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قېچىپ ئۈرۈمچىگە چىققان ئىدى. لېكىن نەدە بولسىمۇ « قازاننىڭ قۇلىقى تۆت » - تە، قەشقەردە خوجايىن شۇ خىتاي ئىدى، ئۈرۈمچىدىمۇ خوجايىن يەنە شۇ خىتاي بولۇپ چىقتى . ھېچ بولمىسا ئۈرۈمچىدىكى خىتاي دەرت ـ ئەھۋالىنى ئاڭلار دېسە ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىدى، ئاخىردا كوچىدا قول كۆتەرمەي ئىلاج قانچە ؟ نەگە باقساڭ ئىشلەۋاتقان خىتايلار، پۇل ئېپىۋاتقان خىتايلار، يەپ

كۆرسەلمەكچىمىز :

1 ـ كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى مەملىكىتىمىزدە مەجبۇرى تۇغۇتنى چەكلەش دىگەن قانىللىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، 1991 ـ 1994 ـ يىلىغا قەدەر يۈز مىڭلىغان بوۋاقلىرىمىزنى ئوكۇل سېلىپ ئۆلتۈردى ياكى ئانىلار قوسىقىدىن ئېلىپ تاشلىدى. شەھەر، يېزىلاردا مەھەللە تۇغۇتنى چەكلەش پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، 90 پىرسەنت ئاياللارنى تۇغماس قىلىشنى يۈرگۈزۈپ، 95 ـ يىلغىچە شەرقىي تۈركىستان يەرلىك ئاھالىسىنى 5 مىليونغا قىسقارتىشنى پىلانلىدى . شۇ سەۋەپتىن ۋەتىنىمىزدە يەرلىك ئاھالىنىڭ يىللىق ئۆسۈشى توختاپ، نوپوسى جىددى ئازىيىشقا باشلىدى .

2 ـ كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەجبۇرى تۇغۇتنى چەكلەش سىياسىتى ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك، ئىرقى قىرغىنچىلىق، ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنىڭ موھىم تەركىۋى قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا يەرلىك تۈرك خەلقلىرىنى يوقۇتۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى ھەقىقى خىتاي زىمىنىغا ئايلاندۇرماقچى.

3 ـ كوممۇنىست خىتاي زوراۋانلىرى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە 43 قېتىملىق ئاتوم سىناقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، 250 مىڭدىن ئوشۇق شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئۆلۈشىگە زامىن بولدى. ھەر يىلى ئاتوم سىناقلىرىغا ئائىت دەھشەتلىك كېسەللەر بىلەن مىڭلاپ شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆلمەكتە. شۇنىڭغا ھەيرانمىزكى، خەلقئارا جامائەتچىلىك كەڭ كۆلەملىك پائالىيەت بىلەن فىرانسىيەنىڭ جەنۇبى تىنچ ئوكياندا ئاتوم قۇراللىرىنىڭ سىناق قىلىشىنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ، لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېخى 17 ـ ئاۋغۇستتىلا لوپنۇردا ئۆتكەزگەن 43 ـ قېتىملىق ئاتوم سىنىقىغا قارشى چوڭ بىر نارازىلىق بولغىنى يوق.

ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان قەبىھ تەبىئەتلىك فاشىست كوممۇنىست خىتاي ئاسارىتى ئاستىدا خورلۇق، زورلۇق، ئىرقى قىرغىنچىلىق، قايغۇ ـ

# بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى 4 ـ قېتىملىق خەلقئارا ئاياللار كونفېرېنسىيەسىنىڭ رەئىسى گېرترۇدامونگېللا جانابەلىرىگە مەكتۇپ

ھۆرمەتلىك خانىم :

سىزگە يېزىۋاتقان بۇ خېتىمىزنى سىزنىڭ ساق ـ سالامەت، خۇشال كۈنلىرىڭىزدە تاپشۇرۇپ ئالىدۇ دەپ ئىشىنىمىز .

بۇ يىل 30 ـ ئاۋغۇستتىن 10 ـ سىنتەبىرگىچە ئېچىلىشقا پىلانلانغان بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارا 4 ـ قېتىملىق ئاياللار كونفېرېنسىيەسىنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىشىگە ساناقلىق كۈنلەر قالدى .

بۇ يىغىننى چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھەم ئەجەپلىنىش ھەم قاتتىق تەقەززالىق بىلەن كۈزەتمەكتىمىز، سەۋەبى مۇشۇنداق زور ئەھمىيەتلىك بىر خەلقئارا يىغىنىنىڭ ئىنسان ھوقۇقلىرىغا، بولۇپمۇ ئاياللار ھوقۇقىغا قىلچە ھۆرمەت قىلمايدىغان خىتايدەك مەملىكەتنىڭ زېمىنىدا ئۆتكۈزۈلىۋاتقانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمىدۇق .

1949 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ( شىنجاڭ ياكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ) نى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، ۋەتىنىمىز خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىرقىي قىرغىنچىلىق، قانلىق زۇلۇم، قايغۇ ـ ئازاپلارنى ئېلىپ بارسا، ئاياللىرىمىزنى دەھشەتلىك ھالدا ئاياق ـ ئاستى قىلدى... بىزنىڭ ئادەتتىكى ـــ ئىنسان ھوقۇقلىرىمىز قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. دېموكراتىك ھوقۇق، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەققىدىكى ئومۇت ئارزۇلىرىنىڭ بىزنىڭ بىچارە ئاياللىرىمىزغا قىلغان جىنايەتلىرىنى يېزىشقا توغرا كەلسە، نەچچە توملۇق كىتاپلارغا سىغمايدۇ . بىز تۆۋەندە پەقەت بىر قانچە مىساللارنىلا

# ئاۋستىراليە تۈركىستان مىللى مەكتىۋى

1992 ـ يىلى 25 ـ ئاپرېل ئاۋستىراليە تۈركىستان جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن جەمئىيىتىمىزنىڭ تەشەببۇسى، جامائەتچىلىكىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ياردىمىدە ئاۋستىراليە مىللى مەكتىۋى ئىيۇندىن ئېتىبارەن رەسمەن ئوقۇش باشلىدى.

ھازىر مەكتىۋىمىزدە 30 ئوقۇغۇچى بار، مەكتەپ بىر تەرەپتىن تۈركىستان جەميتى ئىگىدارچىلىقىدا بولسا، ئىككىنجى تەرەپتىن مەكتەپكە ئائىت پائالىيەتلەرنى مەكتەپ مۇدىرى ھەم مەكتەپ كومىتىتى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارىدۇ.

مەكتەپنىڭ مەقسىتى ئۇنىڭ نىزامنامىسىدا يېزىلغىنىدەك : ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىنى، دىنىمىزنى ئۆگۈتۈش. تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئۆرپە ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن ۋە ئەنئەنىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ھەم تۈرك خەلقلىرىنىڭ مەدىنيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتۇر.

ئەنە شۇ مەقسەتلەرگە ئاساسەن، ھەر ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنى بىر قېتىم ئۈچ سائەتتىن يىلىغا 40 ھەپتە ( قېتىم ) دەرس ئۆتۈلىدۇ.

ھەپتىدىكى ئۈچ سائەتنىڭ بىر يېرىم سائىتىدە دىن دەرسى، قالغان بىر يېرىم سائىتىدە ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتۈلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، مىللى مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاشتا ئەڭ موھىم ئامىل ئىسلام دىنىمىز ھەم ئانا تىلىمىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تىلىمىزنى ئاتىغىنىمىزدا بىزنىڭ ئەقىللىق ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك بولغان ئانا سۆزىنى قوشۇپ « ئانا تىل » دەپ ئاتىغانلىقى بىكار ئەمەس...

بولۇپمۇ ھازىر كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قانلىق زۇلمى

ئازاپلارنى كۆرۈۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئۆزلىرىنىڭ ئاھۇ - زارلىرىنى، ئارزۇ - ئۈمۈتلىرىنى يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەس. سىزلەرنىڭ بۇ يىغىنىڭىزلارغا شەرقىي تۈركىستاندىن ئاز ساندىلا ۋەكىللەر كېلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ھېچ قاچان شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمىيىتى بۇ مەكتۇپنى دۇنيادىكى ئەڭ زالىم ئىستىلاچىنىڭ قولىدا ئازاپ چېكىۋاتقان ئاياللىرىمىز، ئەرلىرىمىز، باللىرىمىز نامىدىن يېزىپ، دىققىتىڭىزگە تۆۋەندىكىلەرنى ھاۋالە قىلماقچىمىز :

1 - شەرقىي تۈركىستان ئاياللىرىغا يۈرگۈزىلىۋاتقان مەجبۇرى تۇغۇتنى چەكلەش سىياستى دەرھال توختىتىلىشىنى؛

2 - شەرقىي تۈركىستان ئاياللىرىنىڭ قانۇنى ھەق - ھوقۇقلىرىنى دەرھال ئېتىراپ قىلىشنى ۋە ئۇنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى؛

3 - شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلىۋاتقان ئاتوم سىناقلىرىنى دەرھال توختىتىشنى؛

4 - شەرقىي تۈركىستان ئاياللىرىغا يۈرگۈزۈلىۋاتقان پۈتمەس - تۈگىمەس جەبرى - زۇلۇم، ئازاپ - قايغۇلار پىلانلىق تۇغۇت دېگەن نام بىلەن يۈرگۈزۈلىۋاتىدۇ. بۇ سىياسەت ئەسلىدە كوممۇنىست خىتاي ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئېرقى قىرغىنچىلىق، مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى چىقىش ئۇقتىسى قىلغانلىق . بۇ قىلمىش - جىنايەتلەرنىڭ تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلىنىشىنى؛

5 - شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋاللارنى بىلىش ئۈچۈن بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلىشىنى ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تولۇق يەتكۈزۈلۈشىنى ئالاھىدە ئۆتۈنۈپ سورايمىز.

كونفېرېنسىيەنىڭ زور مۇۋاپىقىيەتلەرگە ئېرىشىشىنى ئۈمىت قىلىمىز .

ھۆرمەت بىلەن :

ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمىيىتى

1995 - يىلى 18 - ئاۋغۇست . ئادېلايدى - ئاۋستىرالىيە

« يېڭى ھايات » گېزىتى 1995 . يىلى 7 . ئۆكتەبىر 3 . بەت

ئۇنىڭدىن باشقا ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىيات، تارىخىمىزنى ئوقۇتۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتمۇش ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدىمۇ داۋاملىق «ۋەتەننى ئەسلىتىش تەربىيەسى» بېرىلىدۇ. ئاددى تىلىمىزدا چۈشۈنۈشلۈك قىلىپ ئۇيغۇر خەلق ئىغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر سۆزلىنىدۇ. شېئىرلار يادلىتىلىدۇ. ئىمكان ئىپىلغان تەقدىردە ۋەتىنىمىزنىڭ تۇرمۇش، ھاياتى، ناخشا ـ ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى ئۇنئالغۇ، سىنئالغۇلاردىن كۆرسىتىلىپ ئۆرۈلىدۇ.

بۇ سىنىپتا بولىدىغان پائالىيەتلەردىن باشقا، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى ئاۋستىراليەنىڭ جەمىيەت، مۇھىت، تەبىئەتلەردىن ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە، ساياھەتلەرگە ئۇيۇشتۇرىلىۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمىيەتنىڭ ئومومى ئەھۋالى، دوستانە مۇھىت بىلەن تونۇشۇشقا قادىر بولىدۇ.

مەكتىۋىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ھۆكۈمەت، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن ھەرىيلى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ئۆرىدىغان ئاۋستىراليە كۈنى، مىللى مەكتەپلەر پاراتلىرىغا قاتنىشىپ، باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئۆز ئورنىنى ئىگەللەپ، ئۇيۇشتۇرۇلغان كونسىرتلارغا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، ناخشا ئۇسۇللىرى بىلەن قاتنىشىپ كىلىۋاتىدۇ. ئۆتكەن قېتىم مىللى مەكتەپلەر پارادىنىڭ سەنئەت پىروگراممىلىرىدا ئوقۇغۇچىلىرىمىز دېكلىماتسىيە قىلغان، «ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق» «ئاتۇش سەنمى»... قاتارلىقلارغا ئوينالغان ئۇسۇل ـ ناخشىلار تاماشىبىنلار تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى.

ئاۋستىراليەدىكى ئون نەچچە يىللىق مۇھاجىرلىق تۇرمۇشىمىزنىڭ تەجرىبىلىرى شۇكى؛ جامائىتىمىز، مەسچىتىمىز، جەمىيتىمىز، مىللى مەكتىۋىمىز، ئاتا ـ ئانا ۋە باللىرىمىزنىڭ ئۆز ـ ئارا قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق ئارىلىشىشلىرى بولماي، ئۆز تىلىمىزنى ھەم دىنىمىزنى ساقلىشىمىز قىيىن. بۇ دىگەنلىك مىللى مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلىيالمايمىز دىگەن سۆز.

ئاستىدىكى سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز ـ شەرقىي تۈركىستاندا مىللى مەۋجۇتلۇقىمىز ئېغىر تەھدىدكە ئۇچرىغان ھەم چەتئەللەرگە تىرىقتەك چېچىلىپ، پەرىشان ھالدا بىر ئاللاھتىن باشقا ئىگىمىز يوق بىز ـ شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن دىن ( ئىسلام ) ۋە تىلدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تۈئىيا مىللىتىمىز ھاياتلىقىنىڭ تەۋرىمەس كەپىلىدۇر ھەم مىللىتىمىزنى ماددى، مەنىۋى بالا ـ قازالاردىن ساقلىغۇچى قۇدرەتلىك يېمىرىلمەس قوش قالقاندۇر.

دىن دەرسىمىزنى جەنۇبى ئاۋستىرالىيە ئىسلام جەمىيىتىمىز ھەم گىللىس پىلەينس مەسچىتىنىڭ رەسمى ئىمامى تۈركىيە قەيسەرىدىن كەلگەن ئەخمەت قىلىچ بىرىدۇ . ئۇنىڭ ئىسلام يولىدىكى تىرىشچانلىقى ھەم دىنى پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە باللىرىمىز ئادەتتىكى ناماز سۈرىلىرىنى ئۆگىنىپ ھەم باللىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ناماز ئوقۇشقا كىرىشتى. ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئادەتتىكى مەكتەپلەر تەتىلگە چىققان ۋاقىتلىرىدا ئوقۇغۇچىلارنى ھەم دەم ئالدۇرۇش ھەم دىنى ساۋاتلىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەھەر ئىچى ھەم سىرتىدىكى مەنزىرىلىك جايلاردا دىنى كامپلار ( لاگىرلار ) ئۇيۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . ۋاقتى ئۈچ كۈندىن بىر ھەپتىگىچە بولغان بۇ كامپلاردا باللىرىمىز يالغۇز دىنى دەرسلىكلەرنى ئۆگىنىپ قالماي، ئىسلام تارىخى، ئىسلامچە ھايات تەرزىنى ئۆگىنىش، ئەدەپ ھەم جەمىيەت بىلەن تونۇشۇش ۋە تەنھەرىكەت ئاپالىيەتلىرىدە بولىدۇ.

ئەمدى « ئانا تىلىم ـ دانا تىلىم » ئاتالمىش ئۇيغۇر تىلىنى جامائىتىمىز ئىچىدىن چىققان ياش خانىم ـــ قىزلىرىمىز ئوتتۇۋاتىدۇ.ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە ئىپتىدائى سىنىپتىكىلەر 32 ھەرىپىمىزنىڭ پەرقلىرىنى ئاساسەن بىلىپ قالغان بولسا، ئوتتۇرا سىنىپتىكىلەر ھەرىپلەرنى بىلىپ، ئايرىم سۆزلۈكلەرنى ئوقۇپ يازالايدىغان بولۇپ قالدى. يۇقۇرى سىنىپتىكىلەر ھازىر تېكىستلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ، ئاددى جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن ئاددى خەت ـ چەكلەر يازالايدىغان بولدى.

# شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى باھارى*

ئىنشائاللاھ، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن 1996 ـ يىلىنىڭ باھارى خاسىيەتلىك باھار بولۇپ باشلاندى... ئەلمىساقتىن ئۇرۇك خەلقلىرىگە ئالتۇن بۆشۈك بولۇپ كەلگەن ھەيۋەتلىك تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇپ تەرەپلىرىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخى، ئەزدادى ۋە ئەۋلادى دۈشمىنى خىتاي مۇستەبىت باسقۇنچىلىرىنىڭ قانلىق زۇلمىغا قارشى خەلقىنىڭ قانلىق قوزغىلاڭلىرى باشلىنىپ كەتتى...

بۇ ھەقتە دۇنيا، بولۇپمۇ ئاۋستىرالىيە مەتبۇئاتلىرى كۆپ بولمىسىمۇ بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى بەردى. ھەم ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنىيدا چىقىدىغان « THE UNITED CHINIESE TIMES» ( بىرلەشكەن خىتاي ۋاقتى گېزىتى ) نىڭ يىگىرمىنچى ئىيۇندىكى سانىنىڭ بىرىنچى بېتىگە بېسىلغان « شىنجاڭدا چوڭ قوزغىلاڭ يۈز بەردى » دىگەن ماۋزۇدىكى ئالاھىدە خەۋىرىدە، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قانلىق زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئومومى ئەھۋالى يىغىنچاقلاپ بېرىلدى. بۇ خەۋەردە مۇنداق دىيىلگەن :

« ئاپرىلنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن مايىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە شىنجاڭنىڭ 15 ۋىلايەت ۋە رايونلىرىدا ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدە 45 قېتىملىق قوزغىلاڭلار

---

* ماقالىنىڭ قىسقارتىلمىسى 1996 ـ يىلى ئۆكتەبىردە تۈركىيە، ئىستانبۇلدا ئېچىلغان « 2 ـ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان خەلقارالىق تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى » دا سۆزلەنگەن .

ئاللاھ تائالاغا شۈكرىكىم، خىتاي كوممۇنىست باسقۇنچىلىرى زولۇم ئاستىدا بىسىم ھەم تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان دىنىمىز ھەم تىلىمىزنى ۋەتەندىن - شەرقىي تۈركىستاندىن شۇنچە يىراق ئاۋسترالىيەدە قايتا داۋاملاشتۇرۇشقا پۇرسەت تاپقىنىمىز ئۈچۈن جانابى ئاللاھقا ھەمدۇ - سانالىرىمىز ئۆگمەس. ئاۋسترالىيە ھۆكۈمىتىگە رەھمەتلەر ئېيتىمىز، ئۆزىنى يوقۇتۇشنى خالىمىغان ئەزىز يۇرتداشلىرىمىزغا ئاپىرىن ! چۈنكى جانابى ئاللاھ قەلبىمىزدىكى ئىمانىمىز يالقۇنلىرىنى ئۆچۈرمىدى. ئاۋسترالىيە ھۆكۈمىتى بىزنىڭ مىللى مەكتەپلىرىمىزنى قۇرۇشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، ماددى ياردەملەر بىرىۋاتىدۇ. ئەمدى ئۆز شارائىتلىرىنى توغرا چۈشۈنۈپ، قېرىنداشلىرىمىز بىزنى قوللاۋاتىدۇ، ئۇلارمۇ يىراق كەلگۈسىنى ئويلاۋاتىدۇ...

ئىنشائاللاھ، شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى ئاۋسترالىيە تۈركىستان مەكتىۋى بۇندىن كېيىنمۇ 4 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، يەنىمۇ ئىرىشىپ، باللىرىمىزنى ئىمانلىق، ۋىجدانلىق، ۋەتەنگە كىرەكلىك ئەۋلاتلاردىن قىلىپ يىتىشتۈرۈشكە قەتئى ئىرادە باغلاپ مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئالغا باسىدۇ.

1996 / 09 / 22. ئادىيلايدى . ئاۋسترالىيە

« تامچە » ژورنىلى 1997 - يىلى 1 - ساندا ئىلان قىلىنغان .

بىرىنچى ئەسىر باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ھايات ــ مامات گىرداۋىدا تۇنجۇقۇپ ئىڭراۋاتىدۇ... قەدىمقى ئاقۇاش ئەگرى ئېقىنىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قان ـ ياش دەرياسى ناله پىغان، دەرغەزەپتە ئېقىۋاتىدۇ... لېكىن دۇنيا بۇ ئاھۇ ـ زارلارغا قۇلاق ئىسسىپ، ئۇلارغا نەزەر سالغىنى يوق !...

كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان زادى قانداق يەر؟ ئۇ يەردە خىتاي باسقۇنچىلىرى نىملەرنى قىلىۋاتىدۇ، ئۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق، نىمە ئۈچۈن بېيجىن ھۆكۈمىتى يېقىندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ غالجىرلىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭغا قارىتا شەرقىي تۈركىستانغا قوشنا ئەللەرنىڭ ۋە دۇنيا ئەللىرىنىڭ پوزىتسىيەسى قانداق بولىدۇ ؟ بۇ مەسىلىلەر شەرقىي تۈركىستان، ئۇنىڭ قوشنىلىرى ۋە دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن جىددى مەسىلىدۇر.

شەرقىي تۈركىستان، تەبىئى مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى، تەبىئى ۋە ماددى بايلىقلىرىنىڭ موللىقى، ئەنئەنىۋى تارىخىنىڭ ئۇزۇنلىقى، مەدەنىيەت سەنئىتىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن مەشھۇر بولسىمۇ، لېكىن كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئەركىن دۇنيادىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنتۇلۇش ئالدىدا تۇرغان قاشقاق بىر بەختسىز مەملىكەت بار، شۇڭا خىتاي ئەمەلدارى ئۇيەرلىك خەلقنىڭ قاشقاقلىق، قۇللۇق ئەھۋالىنى نوبىرازلاپ، ئۇنى « ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈپ ئالغان تىلەمچى » دەپ بايان قىلغان.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان بۇ زىمىنلاردا بۈيۈك ھون ئىمپىرىيەسى، كۆكتۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قارا خوجا ئۇيغۇر خانلىقى، قارا خانىلار، سەئىدىيە خانلىقى... قاتارلىق سۇلالىلەرنى قۇرغان بولۇپ، بۇ سۇلالىلەر 18ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە داۋاملىشىدۇ ...

يۈز بېرىپ، بۇنىڭغا 65،000 مىڭ كىشى قاتنىشىپ، 1،000 كىشى تالاپەتكە ئۇچرىغان... 30 پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي ئورگانلىرى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان، 12 قاتناش ئۈسكۈنىلىرى ۋەيران قىلىنىپ، 40 تىن ئوشۇق ھۆكۈمەت بىنالىرى خارابىگە ئايلاندۇرۇلغان... ھەتتا ئىلى يەرلىك گارنىزوننىڭ كوماندىرى پالكوۋنىك ۋاڭ يوڭ ئېغىر ياردارلىنىپ، ئاخىرى ئۆلگەن... » قاتتىق ئالاقىزادىلىككە چۈشكەن بېيجىن ھۆكۈمرانلىرى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك قوشۇنلارنى ئاز كۆرۈپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن زور كۆلەمدە جاللات قوشۇنلىرىنى يۆتكىدى...

يەنە بۇ گېزىت : « بۇ قېتىمقى قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ئەلپازىنىڭ شىددەتلىكى، ھەيۋىتىنىڭ زورلىقى بىلەن مەملىكەت قۇرۇلغاندىن بېرى ئاز كۆرۈلگەن » دەپ ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى.

دۇنيادىكى مۇلاھىزىچىلەر ۋە مۇستەقىل مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا قولغان ئېلىنغانلارنىڭ سانى 20،000 دىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ قولغا ئېلىنغانلارنىڭ كۆپى زىيالىلار ھەم ياشلاردۇر... ئەڭ دەھشەتلىكى شۇكى، يوشۇرۇن سۇيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ھەم ئىزسىز يوقۇلۇۋاتقانلارنىڭ سانى مەلۇم ئەمەس. ئادەتتە ئىنسان ھوقوقىنى داۋاملىق ئاياق ـ ئاستى قىلىشقا ئۈگۈنۈپ قالغان خىتاي باسقۇنچىلىرى ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىگىدىن داۋاملىق يوشۇراتتى، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئەكسىچە، باشقىلاردىن بۇرۇن بۇ « قاتتىق زەربە بېرىش » نامى ئاستىدا يۈرگۈزىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى دۇنياغا ئالاھىدە ماختىنىپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بېيجىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېخىمۇ جىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قولغا ئېلىشى، ئېخىمۇ كۆپلەپ قان تۆكۈشى مۇقەررەر بولۇپ قالدى. دېمەك، دۇنيا نەزىرىدە چەتتە قالغان، چوڭ دۆلەتلەر مەنپەئەت كۆرىشىنىڭ قۇربانى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى يىگىرمىنچى ئەسىر ئاخىرلىشىپ، يىگىرمە

بوۋىلىرىدىن ئېشىپ چۈشتى. ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ « يۇلۇپ تاشلاپ، ئىدارە قىلىش » دېگەن سىياسىتى داۋاملاشتۇرۇپ، 47 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننى « خواڭيەندى ئەۋلاتلىرى » غا ئايلاندۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاننى ھەقىقىي خىتاي تېروتورىيەسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن دەھشەتلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنىڭ ھەممە شەكىللىرىنى ياۋۇزلۇق بىلەن قوللۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ.

1949 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسى 9 مىليون بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئومومىي نوپۇسىنىڭ 95% پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك، باسقۇنچىلىق سىياسىتى نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نەسلى ئىگىسى بولغان مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ يىللىق ئۆسۈشى توختاپ، ئۆز يېرىدە ئازچىلىققا ئايلىنىپ، ھوقۇقسىز قۇللارغا ئايلاندى. ھەر كۈنى ئاز دېگەندە 20 ـ 30 مىڭغا قەدەر ئاچ قالغان خىتاي كۆچمەنلىرى شەرقىي تۈركىستانغا توپان بالاسىدەك ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە شەرقىي تۈركىستانغا 100 مىليون خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىغان.

خىتاي كوممۇنىست باسقۇنچىلىرى « تۇغۇتنى پىلانلاش » دېگەننى بانا قىلىپ شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي تۇغۇتنى چەكلەش دېگەن قاتىللىق جىنايى سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. نەتىجىدە بالا چۈشۈرۈش ھەم تۇغماس قىلىش يوللىرى ئارقىلىق ئىككى2،202،000 بوۋاقنىڭ ھاياتىغا زامىن بولدى.

دورا ۋە تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن ناچار ھەم يېتەرسىز بولۇشى تۈپەيلىدىن مىڭلىغان ھەم ئونمىڭلىغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللىرىمىز ئاكار بولۇپ، جىددىي كېسەللىكلەرگە دۇچار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئورغۇنلىغان ئاياللىرىمىز بالىلىرىدىن ئايرىلىپ ساراڭ بولدى. ئونمىڭلىغان ئائىلە ۋەيران بولدى. تۇغۇتنى مەجبۇرىي چەكلەش سىياسىتى

1759 ـ يىلدىكى 1ـ قېتىملىق مانجۇلار ئىستىلاسىدىن كېيىنمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقى 42 قېتىم قوزغىلاڭ قىلىپ، 1863 ــ يىلى مانجۇ ۋە خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ياقۇپ بەگ ھۆكۈمرانلىقىدىكى 14 يىل داۋاملاشقان مۇستەقىل دۆلەت قۇردى. 1876 ـ يىلدىكى 2 ـ قېتىملىق مانجۇ ـ خىتاي ئىستىلاسىدىن كېيىن 1884ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نامىنى قانۇنسىز ھالدا « شىنجاڭ » ( يېڭى تۇپراق ) دەپ نام قويىلدى. 1955 ـ يىلى « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » ئۆزگەرتىلدى.

1933 ــ 1934 ــ يىللىرى ھەم 1944 ــ 1949 ــ يىللىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقى غەلىبىلىك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرغان ئىدى. بىراق يۈزمىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار قان بەدىلىگە كەلگەن بۇ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ، 1949 ـ يىلى ماۋچى كوممۇنىستلار شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز قولىغا كىرگۈزىۋالدى. ماۋچى كوممۇنىستلار ستالىننىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بېسىپ يېرىشىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوجىسىغا ئايلىنىۋالدى . كوممۇنىست خىتاي ئارمىيىسىنى باشلاپ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەن جاللات گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ 1952 ــ يىلى غۇلجىنىڭ ۋاڭقادىر يېغىدا سۆزلىگەن « جىيپاڭجۈن شەرقىي تۈركىستانغا پارچەلىنىشكە كىردى، 3 يىلدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىدۇ » دىگەن سۆزىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان شاھىدىمىز تېخى ئۆلگىنى يوق.

خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ئاياق باسقان بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتەك ئادەتتىكى قانۇن ھوقۇقلىرىنى ئاياغ ــ ئاستى قىلىپ، ئۇلارنى بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن مەھرۇم قىلدى. ئۇلار بۇ جەھەتتە تارىختىكى فېئودال ھۆكۈمران ئاتا ــ

مەجبۇر قىلىندى. بۇنداق لەھۋاللار ئىسناق مەيدانىنىڭ شىمالى، شـەرقىي ۋە جەنۇبى تەرەپلىرىدىمۇ ئومۇملاشقان لەھۋاللار بولۇپ قالدى.

پۈتـۈن دۇنياغـا هـۆكۈمران بـولۇش نىيىتىـدە غـالجىرلىق بىلـەن قۇراللىنىۋاتقان كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيىسى باشقا بىـر قوشنا مىللـەتنىڭ ئاتوم سىناقلىرىنى تەكلىماكاندا ئۆتكۈزۈشكە يـادەم بىرىـپ، ئازغىنە پۇلـلار ئۈچۈن باشقا مەملىكەتلەرنىڭ ئـاتوم قـالدۇقلىرىنى بـۇ رايونغـا تـۆكتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئاتوم لەخلاتخانىسىغا ئايلاندۇردى...

مانا مۇشۇنداق زالىملىقلارنى ھازىرغىچە قوللۇنۇپ شەرقىي تۈركىسـتان خـەلقىنىڭ ئىنسـانى ھوقوقلىرىنـى قـانتىق ئايـاق ــ ئاسـتى قىلىۋاتقـان كوممۇنىسـت خىتـاي جـاللاتلىرى بۇنىڭغىمـۇ قانائەتلەنمـەي، ئۇنىڭدىنمـۇ چوڭراق ئىشنى ـ شـەرقىي تۈركىسـتاننىڭ ھـەقىقى ئىگىسـى بولغـان ئۇيغۇرلارنـى مىللـەت تەرىقىسـدە يـوق قىلـىپ تاشـلاش ئۈچـۈن ھەممـە تـەييارلىقلارنى قىلـىپ، پۇرسـەتنى كۈتتـى. ئۇلانـىڭ نـەزىرىدە بـۇ قىلغـان جىنايەتلىرى ئاز ئىدى. ئىبخىمۇ زورراقىنى قىلاي دىسە « يىتىمنىـڭ ئاتىسـى يەتتـە » دەپ بىـر يـەردىن « بوسـوقىدە » ئىگـە چىقىـپ قىلىـپ ئىـش بۇزۇلارمىكىن دىسە ئۇندق بولمىدى. دىمەك، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىر الله دىن باشقا ئىگىسى يوق ئىكەن . قېرىنداشلارنىڭ قېرىنداشلىق رىشتىسىنى پۇل ۋە زوراۋانلىقنىڭ ئادالەتسىز مۇدھىش قايچىسـى كەستى ـ دە، ئۈزدى ...

قېرىنداشلارنىڭ كۆزلىرىگە تاقىۋالغان كۆزەينـەكلىرى يېقىننـى كـۆرۈپ، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان بىيجىنىدە ئىشلەنگەن كۆزەينەكلەر ئىدى ...

بىيجىنلىـق جـاللاتلارنىڭ ئوشـۇقى ئـالاچۇ چۈشـتى. ئـۇ يىڭـى جىنايەتلىرىگە باشقىلىرىنىمۇ شىرىك قىلماچى بولۇپ، باشقىلارنى شاڭخەيگە چاقىردى ... ئەمدى كۈتكەن پۇرسەت كەلدى... بۇ يىل 24 ــ 26 ــ ئـاپرىل شـاڭخەيدە ئىمزالانغـان خىتـاي، روسـىيە، قازاقىسـتان، قىرغىزىسـتان ۋە تاجىكىستان جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن ئىمزالانغان چىگرا شەرتنامىسىدىن كېيىن،

بىيجىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنىڭ مۇھىم بىر ئەركىۋى قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئۇيغۇر يېشىدىكى ئاياللارنىڭ 90% نى ئۇغماس قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك ئاھالىسىنى 5 مىليون ئەتراپىدا كونترول قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا يەرلىك مۇسۇلمان تۈركلەرنى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ توپان بالاسىدا غەرق قىلىۋېتىش ...

شەرقىي تۈركىستان يالغۇز كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ زۇلۇم ئوچىقى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇشى ئۈچۈن ئاتوم قۇراللىرىنى سىناق قىلىش مەيدانىدۇر. لوپنۇردا بىرىنچى قېتىم ئاتوم قۇراللىرى سىناق ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيانقى 32 يىل جەريانىدا 250 مىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇنچە ئۇزۇن تارىخى جەريانىدا ئونمىڭلىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئاتوم رادىئوئاكتىپ نۇرلىرىدىن زەھەرلىنىپ دەھشەتلىك كېسەللەر بىلەن ئۆلۈۋاتقانلىقىنى ئېغىر قايغۇ ھەسرەت ئىچىدە كۆرۈشكە شاھىت بولدۇق... ئاتوم سىناقلىرى رايونىغا يېقىن ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆپكە،جىگەر ۋە قان راكلىرى بىلەن ئۆلۈۋاتسا ئۆلارنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ غەيرى نورمال بولۇپ تۇغۇلغانلىرى كۆپەيمەكتە... شەرقىي تۈركىستاندا سۇ، تۇپراق، ھاۋا... بىر ئېغىز سۆز، مۇھىت قۇرقۇنۇچلۇق دەرىجىدە بۇلغانغان...

لوپنۇر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 400 دىن ئوشۇق كىچىك كۆل ۋە تارماق ئېقىملار مۇھىتىنىڭ دەھشەتلىك ئۆزگىرىشى بىلەن بۆگۈن قۇم بارخانلىرى بىلەن تولغان دەشت ـ چۆللەرگە ئايلاندى. سىناق مەيدانىدىن خېلى ئۇزاقتا جايلاشقان غەربىتكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 3 مىليوندىن ئوشۇق ئاھالىسى ئەتراپىتىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ، دەريا، بۇلاقلار بۇلغانغانلىقى ئۈچۈن تازا سۇ ئىزدەپ نەچچە مىتىر چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق قېزىپ جان بېقىشقا

ئۇلارنىڭ قانچىلىك ھىروينىلارنى شەرقىي تۈركىستانغا ئەكىرىۋاتقانلىقنى
پەقەت ئۆزۈمچىنىڭ ئۆزىدىلا 11 ئورۇندا ھىروين تارقىتىش ئورۇنلىر
بولۇپ، ئىيانشان رايونىدىلا پەقەت مىللىلاردىن مىڭلاپ ياشلارنىڭ ھىروين
بىرىلىپ قاتتىق ۋەيران قىلىنىشىدا شۇ خىتاي ھىروين بىدىكلىرىنىڭ
قاتناشقانلىقىنى ئويدان بىلدىڭىز ؟! ھەتتا ھىروين سودىسىدا بەزى ساقچى
ئورۇنلىرىدىكى خىتاينىڭ، مۇھىم كوممۇنىست ئەمەلدارلىرىنىڭ قولى با
ئۇلار بۇ ھەركەتلىرىدە « قاسساپقا ماي قايغۇسى، ئۆچكىگە جان قايغۇسى
دىگەندەك ھىروييننى سىتىپ مىليونىر بولغانلار ئازمۇ ؟ مۇسۇلمانلارنى
ھىروين چېكىشكە كۆش ـ كۆشلىگەن، ھۆكۈمەتنىڭ بەزى مۇسۇلمان
ئاشخانىلىرىدا، يىمەكلىك زاۋۇتلىرىدا تاماقلىرىنى مىزىلىك قىلىمىز دەپ
ئۇنىڭغا ھىروين سۈيىنى ئارلاشتۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى زەھەرلاۋاتقانلار نەق
كوممۇنىست خىتايلار باسقۇنچىلىرى ئەمەسمۇ ؟ تۈركىستانلىقلار ئىچىدىن
چىققان مىللىي غورورى بار ئىمانلىق، ۋىجدانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزنى
ئوغۇرلاپ كىتىپ، ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ، ئۇلارغا ھىروييننى
مەجبۇرى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇپ، ياشلىرىمىزنى ۋەيران قىلىۋاتقان خىتاينىڭ
ئەنئەنىۋى ئىرقچى ـــ مىللەتچى باش كىسەر لۈكچەكلەر گورۇھى
تەشكىلاتلىرى ئەمەسمۇ ؟ بۇندىن 200 يىللار ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاند
1 ـ قېتىملىق مانجۇ ـ خىتاي ئىستىلاسى ئەمەلگە ئاشقاندىن كىيىن، مانجۇ ـ
خىتاي ئوردۇسىغا ئەگىشىپ چىققان بەزى خىتاي سودىگەرلىرى خىتاي
هاراقلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئىلىپ چىققان ھەم مانجۇ ـ خىتاي
مەمۇرلىرىنىڭ يوليورۇقى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا بەزى قاۋاقخانىلارنى
ئىچىشقا مۇۋەپپەق بولغان. بۇ قاۋاقخانىلاردا مانجۇ ـ خىتاي چېرىكلىرى ۋە
پۇخرالىرى ئۆچۈن هاراق پۇلغا سىتىلاتتى، لىكىن مۇسۇلمانلار بۇنداق
يەرلەرگە كىلىشنى گۇناھ كۆرۈپ كەلمىسە، يەرلىك مۇسۇلمانلارنى هاراقفا،
بۇزغۇنچىلىققا جەلپ قىلىش ئۆچۈن بىيجىن، شىنەن، لەنجۇلاردىن بىر

شەرقىي تۈركىستاننىڭ نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق چېگرالىرىدىن ھەم روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ساتقۇنلۇقى، قېرىنداش تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلىۋاتقان ۋاپاسىزلىقلىرىدىن قانائەتلەنگەن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مىللەت تەرىقىسىدە يوقۇتۇۋېتىشنى ئاساس قىلغان كونا خىتاي فېئوداللىرىنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، ئىشنى ئىككى يولدىن، يەنى قىرىپ تۈگىتىش ھەم ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ تۈگىتىش يوللىرى بىلەن باشلىدى...

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ يىل ئۆتكەنجى ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا پۈتۈن خىتاي بويىچە « 100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش » ھەرىكىتىنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەندە، ئۇنىڭ كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، سۈرئىتىنىڭ شىددەتلىكى، غەرىزىنىڭ قاباھەتلىكى بىلەن كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئۇلار ئومومى يۈزلۈك جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش نامى بىلەن ئوغرى، بۇلاڭچى، قاتىل، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلغۇچىلار، پاھىشىلەرگە زەربە بېرىۋاتىمىز دەيدۇ. بۇ قېتىمقى شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تازىلاش راستىنلا جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائى جىنايەتچىلەرنى تازىلاش ئۈچۈنمۇ ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس ! بۇ قېتىمقى تازىلاش ھەرىكىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز ئىمانى، ۋىجدانى ھەم مىللى غورورى بىلەن ياشاۋاتقان، خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە قارشى تۇرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى تازىلاشتۇر. ئەسلىدە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانغا ئون مىليونلاپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈپ چىققاندا، ئاساسلىق قىلىپ تۈرمە ھەم « لاۋگەيدۈي » ( ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش قوشۇنى ) لەردىكى جىنايەتچىلەرنى كۆچۈرۈپ چىققانلىقىدىن ھېچقاچان تېنىپ كېتەلمەيدۇ. بېيجىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگۈزۈۋاتقان مىليونلىغان ئاچ كۆچمەنلىرى قاتارىدا مىڭلاپ ھېروئىن بىدىكلىرىنىڭ بارلىقىنى،

بەزىلىرىنى سۆيقەست بىلەن ئۆلتۈردى، بىر قىسىملىرىنى تۈرمىلەرگە تاشلىدى، بىر قىسىملىرىنى ئىزسىز يوقاتتى، بىر قىسىملىرىغا ئېغىر ئىقتىسادى جەرىمانىلەر بېرىلىپ جازالاندى. « شۇ گۇناھسىز قۇربانلارغا ئۇۋال بولدى، ئۇلار گۇناھسىز ! » دەپ 1000 دىن ئوشۇق ياشلار توپلۇنۇپ، غۇلجىدىكى شەھەرلىك ھۆكۈمەت دائىرلىرىنىڭ ئالدىغا ئەرز ـ شىكايەت بىلەن بارغاندا، پۈتۈن شەھەر ۋە ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ھەربى ھالەت ئېلان قىلىنىپ، نەچچە ئون مىڭ ھەربى قوشۇن ھەم ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، ئاسماندا تىك ئۇچار ئايرۇپىلان، يەردە تانكىلار بىلەن پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە قوزغالغان 20،000 كىشىلىك خەلقنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتىنى باستۇرغانلىقىنى قانداق چۈشەندۇرسەك بولىدۇ ؟

سۆيۈملۈك قەھرىمان ۋەتەنداشلىرىمىز ! دۈشمەننىڭ قىلغان جىنايەتلىرىنى ھەرگىز ئۇنۇتماڭ ! بېيجىڭلىق بۇ جاللاتلار ھەرگىز بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەس ! ئۇ بىزنىڭ يېغى دۈشمىنىمىز، ھەرگىزمۇ دۈشمەننىڭ قىلتىقىغا چۈشمەڭ ! ئۆزىڭىزنى ساق تۇتۇڭ، ئىمانلىق، ۋىجدانلىق، ئەخلاقلىق مىللەت، ئىنشائاللاھ، ھەر قانداق ياۋۇز دۈشمەننى چوقۇم يېڭىدۇ ! ياشسۇن بىزنىڭ ئىمانىمىز، ۋىجدانىمىز ھەم ئەخلاقىمىز ! ياۋۇز دۈشمەننىڭ قەبىھ نىيەتلىرى ئۆزىگە يولداش بولسۇن، ئامىن !

ئومومىلاشتۇرۇپ كەلسەك، بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاندىكى قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، ئوغۇرلۇق، ئادەم سودىسى، ھىروين، پاھىشىۋازلىق، پۈتۈن پەسكەشلىكلەر ۋە جىنايەتلەر بۈگۈنكى كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. « قاتتىق زەربە بېرىش » دىگەن باھانە بىلەن بېيجىن يېقىنقى 10 يىللاردىن بۇيان قارا تىزىملىككە ئېلىپ كىلىۋاتقان ئون مىڭلىغان دىنى ئۆلىما، ۋەتەنپەرۋەر زىيالىلىرىمىز، ياشلىرىمىزنى باستۇرىۋاتىدۇ، خالاس ! بۇ مەسىلىدە بېيجىنلىق كاللا كېسەرلەر ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ « قوي كاللىسىنى ئېسىپ، ئىت گۆشىنى ساتىدىغان » كونا

قىسىم پادىشالىرىنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنى پۇلسىز « كۆنۈكلىش » كە قويغان، ھەتتا بەزى ئورۇنلاردا ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن ـــ قىزلىرىنى كۆنۈكلىشكە قويۇشتىنمۇ ئۇمۇس قىلىشمىغان ئىدى، لېكىن بىزنىڭ ئىمانلىق، ۋىجدانلىق خەلقىمىز ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ياشىغاچقا، ئۇلارنىڭ زەھەرلىك « گۈزەللەر ھىللىرى » نى داۋاملىق ئىمان كۈچى بىلەن يەڭگەن ئىدى.

بۈگۈنكى كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسى دۇنيادىكى ئەڭ زالىم مۇستەملىكىچى، رەزىل باسقۇنچىلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، « بىر مىللەتنى مەھكۇم قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنى ئەخلاقى جەھەتتىن مەھكۇم قىلىپ، بۇزۇش كېرەك » دېگەن فاشىستىك پەلسەپىگە ئاساسەن، ۋەتىنىمىزدە فىئودال خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ. چەتئەل مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قىلغان ھىلە ـ نەيرەڭ، رەزىللىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىۋاتىدۇ. پەقەت ئوخشىمايدىغان يېرى بولسا، ئۇنىڭ شەكىللىرىنىڭ يېڭىچە ئۆزگەرگەنلىكىدە، خالاس !.

ئەجەبا، ئەفيۇن ئۇرىشى دەۋرىدە بىرىتانىيە سودىگەرلىرىنىڭ خىتايغا ئەفيۇن ئېلىپ كىرگىنىگە قارشى ئۇرغان فئودال مانجۇ دارىنى لىك زەيشۇنى خىتاينىڭ « مىللى قەھرىمانى » دەرىجىسىدە پەلەكلەرگە كۆتۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ماختاۋاتقان خىتاي كوممۇنىستلىرى، شۇنچە ئازاپ ـ قايغۇ، زۇلۇملىم ۋە ئىرقى قىرغىنچىلىق ئىچىدە تۇرغان غۇلجا شەھەر ياشلىرىنىڭ ئۆتكەن 14 ـ ئاۋغۇست كۈنى مەشرەپ نامى بىلەن باشلىنىپ پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتى، قوشنا ۋىلايەتلەر، ئۇرۇمچى، قەشقەرلەرگە تارقالغان ئۆزىمىزنىڭ دىنى، ئۆرپ ـ ئادەت، مەدىنىيىتىمىزنى ساقلاپ قېلىشنى ئاساس قىلغان بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە بىيجىن.ھۆكۈمىتى قانداق قالپاقلارنى كەيگۈزمىدى ؟ « ھىرويىن چەكمەيلى، ھاراق ئىچمەيلى، ئاللاھ بەرگەن ئىسلام يولىدا ماڭايلى ! » دېگەنلىكى ئۈچۈن ياشلىرىمىزنىڭ

قىلىشىدۇ. بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي رايونلىرىغا بارغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇنى دەرھال ھېس قىلالايدۇ. لېكىن شەرقىي تۈركىستاندا ئەھۋال باشقىچە... ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا كۆپلىگەن مەسچىتلەر مەجبۇرى تاقالدى. دىنى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز ئىلان قىلىنىپ، مەجبۇرى يەر ئاستىغا يۇشۇرۇندى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار كۆپ يەرلەشكەن رايونلاردا ناماز ئوقۇغانلار پىنسىيە مۇئاشىدىن، خىزمەتچىلەر مۇئاشىدىن، ھەتتا خىزمەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشۋاتىدۇ. ياشلار مەسچىتكە كىرسە قولغا ئېلىنىۋاتىدۇ .. بەزى مەسچىت ۋە دىنى مەكتەپلەر يېپىپ تاشلاندى... قالغان مەسچىتلەرنىڭ مۇنبەرلىرىدە ساتقۇن ئىماملار ئاتېئىزم تەشۋىقاتىنى قىلىپ، كوممۇنىستلارنى ماختاۋاتىدۇ... شەرقىي تۈركىستانىنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىدا دېھقانلارنىڭ يەرلىرى، ماللىرى، باغلىرى، ئوتلاقلىرى كەلكۈندەك كېلىۋاتقان باسقۇنچى خىتايلار تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنىۋاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بولۇپمۇ جەنۇب دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن، كۆنلىرى قوسىغى تويماي ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۆز يۇرتىدا جان باقالمىغان، قەدرى يوق، شىلىڭ شىڭشادىن ئۆتكەن ھەر بىر ئاددى خىتاي بۇ يەردە يۇرگۇزۇلگەن بېيجىڭنىڭ مەستەملىكچىلىك، باسقۇنچىلىق سىياستىدىن كۈچ - قۇۋۋەت، غەيرەت تېپىپ، زۇلۇم ــ ئاسارەت ئاستىدا بېشى سىلىنىپ، چىرايىدىن لەندىشە، غەم - غۇسسە كەتمەيدىغان ئۇيغۇرلار ئۇستىدىن خوجايىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قىسىق كۆزلىرى ئالىيىپ، پاناق بۇرۇنلىرى كۆككە كۆتىرىلىدۇ...

بېيجىن دائىرىلىرى داۋاملىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلغان چەكسىز ئاشقان جىنايەتلىرىنى پەردىلەش ئۈچۈن پۈتۈن جىنايى مەسئۇلىيەتلىرىنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇشقا ئۇستا.

50 ــ يىللاردىكى ئاتالمىش ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى بېسىقتۇرۇش ھەركىتىدە « يان ئىسلامىزىم. يان تۈركىزىمگە قارشى تۇرۇش » شۇئارى

نەيرىگىنى يەنە بىر قېتىم ئويىنىدى... كاشكى يۈز مىڭلىغان قوشۇننى دەرھال يۆتكەپ، مىڭلىغان تانكا، بروۋنوۋىكلارنى ھەركەتكە كەلتۈرەلەيدىغان بېيجىن فاشىست ھۆكۈمىتى ئۆز خۇدىنى بىلمەي كوچىلاردا ياتقان ئەفيۇنكەشلەردىن، ئازغىنە پۇل ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەۋەككۈلگە ئاتىدىغان قاتىل، ئوغرى، پاھىشىلەردىن قورقسا ــ ھە ! ياكى ئۇلارنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىشقا ئاجىزلىق قىلسا ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلىق. بېيجىن شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك، باسقۇنچىلىق سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ جىنايەتچىلەرگە يېشىل چىراق ياقىدۇ. ئىككىنچىدىن، جەمىيەتتىكى بۇ جىنايەتچىلەرنى ھازىرقى بېيجىن ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنى ھەم ھەربى تۈزۈمى تۇغدۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئاقنى قارا دېيىشكە، يالغاننى راست دېيىشكە ئۇستاراپ كەتكەن بېيجىن رادىئوسى، ھەدىسە مەملىكەت ئىچىدە خەلقنى. بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقنى، خەلقئارادا دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالداپ، « بۇ ھەركەتنى مەملىكەت بويىچە ئومومى يۈزلۈك ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، بۇ مەملىكەتنىڭ خەۋپسىزلىكى. ۋە خەلقنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن قوللىنىلىۋاتىدۇ » دەپ كاپشىيدۇ. ئەمىلىيەتتە، بېيجىن بۇ ھەركەتنى خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا، خىتاينىڭ مەركىزى رايونلىرىدىن ئىنتايىن پەرقلىق ئاساسىدا ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. يەنى، ھەركەتنىڭ تىغ ئۇچى يەنىلا شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قارىتىلغان. شەرقىي تۈركىستان خەلقى يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ھازىرمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوش زۇلۇم ئاسارىتىدە مەزلۇم مىللەت تەرىقىسىدە خارلىنىپ، خىتايدىكى 2 ــ ياكى 3 ــ دەرىجىلىك گىراژدان بولۇپ ياشىماقتا.

خىتاينىڭ مەركىزى رايونلىرىدا يۈرۈش ـ تۇرۇش، تۇرمۇش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مىللىيەت جەھەتلەردىن خىتايلار ئۆزلىرىنى خېلى ئەركىن ھېس

ئالوم سىنىقى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇھىت تەڭپۇڭلۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەرەققىيات سىياسىتىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ شەرقىي جەنۇپقا ئەھمىيەت بېرىپ، غەربىي رايونلارغا سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى بەكمۇ ئاستا بولۇپ، ئىقتىسادتا ئارقىدا قېلىش ھەم شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشلىرى ئەسلى يەرلىك خەلقلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇش نىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىنى تېزلەشتۈردى... »

لېكىن، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى، « سەن مېنى توغرى دېگۈچە مەن سېنى توغرى دېۋالاي » دېگەندەك ئۆز ئەركىنلىكى، ئىنسان ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن قوزغالغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاممىۋى ئازاتلىق ئىنقىلابىنى، « بىر ئۇچۇم قاتىللار، تېررورىستلار. مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ جىنايى ھەركەتلىرى » دەپ قاراپ، ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئۆز خەلقى، دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن قاتتىق يوشۇرىۋاتىدۇ.

كوممۇنىست خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىگە قارشى خەلقىنىڭ بۇ قېتىملىق ئازاتلىق ھەركىتى 20 — ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئاجايىپ مۆجىزە، بۇ قوزغىلاڭلارنى شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ باشلىنىشى دېسەك بولىدۇ، ئىنشائاللاھ، چۈنكى، بۇ ئىنقىلاب دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، بۇ ئىنقىلابقا قاتناشقان ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىكىلەرنىڭ كۆپلىكى ھەم بۇ ئىنقىلابنىڭ بىرلا ۋاقىتتا پارتلاپ، ئۇنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا بەرگەن تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلىكى، شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ يېقىنقى زامانلىرىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن.

بۇ ئىنقىلاب بېيجىڭنىڭ، « سوتسىيالىزم شىنجاڭغا بەخت ئېلىپ كەلدى، شىنجاڭ خەلقى ۋەتىنىنىڭ ( جۇڭگونىڭ ) بىرلىكىنى خالايدۇ،

بىلەن بۇز مىڭلىغان پاك ۋىجدانلىق ۋەتەنداشلىرىمىزنى قىرغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى قورچاق ۋالىي بۇرھان52 ـ يىلنىڭ ئۆزىدىلا 120 مىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ باستۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

60 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، « شىنجاڭغا ئاساسى خەۋىپ سوۋىيت شۇجۇڭجىلىرىدىن كېلىدۇ . » دەپ يۈز مىڭلىغان ۋەتەنداشلىرىمىزنى قوشنا مەملىكەتلەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى.

80 ـ يىللاردىن باشلاپ، « شىنجاڭغا ئاساسى خەۋىپ تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرىدىن كېلىدۇ » دەپ بىلجىرلاپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسلام مەملىكەتلىرى بىلەن بولغان تارىخى، ئەنئەنىۋى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ زور زىيانلارنى سالدى. ئەمدى بولسا، 90 ـ يىللاردىن باشلاپ، « شىنجاڭغا ئاساسى خەۋىپ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى، تۈركىيە ھەم يەرلىك مىللى بۆلگۈنچىلەردىن، دىنى ئەكسىيەتچىلەرىن كېلىدۇ . » دەپ، جاھانغا ۋايساۋاتىدۇ.

ھەقىقەتەن ئەھۋال بىيجىن ھۆكۈمىتى دىگەندەكمۇ ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس ! بۇ سوئالغا يېقىندا ئاۋىستىرالىيەنىڭ سىدنىيدا چىقىدىغان بىر خىتاي گېزىتىنىڭ 11 ـ ئىيول كۈنىدىكى سانىغا چىققان ۋاڭخەيتاۋنىڭ « شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭ مەنبەسى » دىگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇ ئۈزۈندە ئارقىلىق جاۋاپ بەرسەك كۇپايە :

«... شۇنىڭدەك كوممۇنىستلار تەختكە چىققاندىن بېرى بىرىيۈرۈش سىياسەتتە خاتالىقلار ئۆتكەزدى. مەسىلەن : قاتتىق قوللۇق دىكتاتورلۇق تۈزىمى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ، ئۇنى ماناپول قىلىش، زور مىقداردا شىنجاڭغا كۆچمەنلەر يۆتكەش، شىنجاڭنىڭ ئېرقى تۈزىلىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، دىنى پائالىيەتلەرنى چەكلەش، شىنجاڭدا

ئەچچە مئلىغان يىللاردىن بېرى خىتاي فېئودالىرىنىڭ باسقۇنچىلىق، ئاچاۋۇزچىلىقلىرىدىن كۆپلىگەن بالايى ـ ئاپەتلەرنى كۆرگەن ھەم ئۇنى يېتىپ كەلگەن قەھرىمان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئەقدىرگە ئەن بىرىپ گودالا بېشىدىكى بىچارە قويدەك جىم يېتىپ بەرسە بولامتى ؟ ياق، ئۇنداق ئىش بولغان ئەمەس ھەم بولمايدۇ. بولسا بۇنى ئاللاھ راۋا كۆرمەيدۇ، ئىنسانلارمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. پىچاق سۆڭەككە يەتتى... بىيجىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك، باسقۇنچىلىقنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېرورىغا قارشى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى ئازاتلىقنى نىشان قىلغان ئىنقىلاۋى ھەركىتىنى ئىككىلەنمەي، قورقماي دادىل يۈرگۈزۈش كېرەك. بۇ بىزنىڭ ھەققىمىز ھەم بۇرچىمىز. بۇ ئىنقىلاۋى ھەركەت خىتاينىڭ دۆلەت تېرورىغا خاتىمە بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئازاتلىق، مۇستەقىللىق بەخش ئېتىدۇ. بۇ ئومومى كائىناتقا ئورتاق بولغان ھاياتلىق مەنتىقىسى. بۇنى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئىنتايىن كۆپ سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن خىتاينىڭ ئادەتتىكى كۆپچۈلۈك پۇخرالىرى ۋە دۇنيا خەلقى چۈشىنىدۇ.

80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا غەربىي ياۋروپادا بېرلىن تېمى يىقىلىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بەربات بولدى. نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەركىۋىدىكى مىللى رىسپۇبلىكىلار ئۆز مۇستەقىللىقلىرىغا ئېرىشتى. بۇنى كۆرگەن كۆپلىگەن كىشىلەر ۋە بىزنىڭ كۆپلىگەن خەلقىمىزمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرى چوقۇم كوممۇنىست خىتاينىڭ بېشىغا ئەنە كېلىدىغان تەغدىرى قىسمەتتۇر، كوممۇنىست خىتاي قارا تەغدىردىن ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، شەرقىي تۈركىستان مەسلىسى خىتايدىكى دېموكراتىيەنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا باغلىق، كۈتۈش كېرەك، دەپ قارايدۇ. لېكىن كونا خىتاي فېئودالىرىنىڭ سىياستى ياكى بۈگۈنكى قىزىل خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ

كوممۇنىزىمنى سۆيىدۇ، مىللىلار (شەرقىي تۈركىستانلىقلار ) خىتايلارسىز ياشىيالمايدۇ . » دېگەندەك يالغان، ئالدامچىلىق نەيرەڭلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، « بىزگە مۇستەقىللىق كېرەك، خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك ئاپتونومىيىسى كېرەك ئەمەس، خىتاي باسقۇنچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن ! » دېگەندەك يەكدىل، ھەقىقىي ئىرادىسىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىدى .

بۇ ئىنقىلاپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن ئاياق ـ ئاستى قىلىنغان ئار ـ نومۇسىمىزنى ئاقلاپ، مىللىتىمىزنىڭ ياشاشقا، ئىجاد قىلىشقا، ئۆزىنى قوغداشقا قادىر، قول بولۇشنى خالىمايدىغان قەھرىمان مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىپ، مىللىي غۇرۇرىمىزنى يەنىمۇ ئۆستەردى.

بۇ ئىنقىلاپ ئارقىلىق خەلقىمىز زور ئىتتىپاقلىققا ئېرىشتى، دۈشمەنىنىڭ ياۋۇز ـ قەبىھلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇتتى. بۇ ئىنقىلاپ دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلىش روھىمىزغا، ئاخىرقى غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىمىزگە زور ئىلھاملار بېرىپ، ئىنقىلاۋىمىزنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈپ، بىزنى قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلار بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ ئازاتلىق ئىنقىلاۋى مۇشۇ ئەۋزەللىكلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىنىڭ شانلىق تارىخىغا ئالتۇن قەلەملەر بىلەن يېزىلغۇسىدۇر، ئىنشائاللاھ. مانا مۇشۇنداق كوممۇنىست خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باسقۇنچىلىقىغا قارشى خەلق ئىنقىلاۋىنى بېيجىڭنىڭ ھەربىي دىكتاتورا ماشىنىسى تېررورىزىمغا قارشى نام بىلەن قانلىق باستۇردى ھەم باستۇرىۋاتىدۇ.

ئەجەبكى، ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار ھەتتاكى ھاشارەتلەر ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلاش، تاشقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بار ئىمكانى بىلەن ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى قوغدايدۇ ـ يۇ،

كۆنۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئازا ياخشى كۆرستىپ بەردى.

89 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇندىكى ئىيەنئەنمىن ۋەقەسىدە ئۆزىنىڭ ئونمىڭلىغان ئوقۇغۇچىلىرىنى قانغا پاتۇرغان بېيجىڭ جاللاتلىرىدىن، شۇ جاللاتلارنى بىقىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانغا ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىش ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى تەلەپ قىلغان بىلەن بارابەر. بۇ گويا « ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېيىش » دىگەن سۆز. بوپتۇ مەيلى، كوممۇنىست خىتاينىڭ دېموكراتىيەلىششىنى كۈتەيلى دەيلى، ئۇ قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ ؟ بىر يىل، بەش يىل، ئون يىل... بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ.

ئەڭ موھىمى، ھازىرقى ۋاقىتتا بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈلىۋاتقان مۇستەملىكچىلىك، باسقۇنچىلىق سىياستى ئاستىدا ئۆتىۋاتقان ھەربىر سائەت، ھەربىر مىنۇتنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن قانچىلىك زور بەدەلگە توختاۋاتقانلىقىنى بىلىمىزمۇ ؟ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنى، دىنى، ھوقوق، روھى... تەرەپلەردىن قانچىلىك زىيانلارنى ئارتىۋاتىمىز ؟ مانا ھازىر شىڭشىڭشا چىگراسىدىن بىزنى قۇل قىلىپ، شەللىمىزغا دەسسەش ئۈچۈن قانچىلىغان باسقۇنچى، ئاچ خىتايلار كىرىۋاتىدۇ؟ مانا مۇشۇ سائەت، مۇشۇ مىنۇتلاردا قانچىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزنىڭ كاللىلىرى كىسىلىپ، قانچىلىرى قاراڭغۇ زىندانلارغا تاشلىنىۋاتىدۇ. مانا شۇ دەم خىتاينىڭ ئاق خالاتلىق جاللاتلىرىنىڭ قانچىلىغان ئاياللىرىمىزنى تۇغماس قىلىپ، قانچىلىك تىخى كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرمەي دۇنيادىن ئۆتىۋاتقان بوۋاقلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن بېيجىندىكى كاللا كىسەر باشلىقلىرى تەرىپىدىن مۇكاپاتلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز ؟ بىز بۇنىڭ ھېچقايسىنىڭ سانىنى بىلمەيمىز، بىلىشكىمۇ ئىمكانىمىز يوق. بىز باشقا مەسىلىلەرنى قويۇپ تۇرايلى، پەقەتلا مىللىتىمىزنىڭ مىللەت بولۇپ دۇنيادا ھايات ياشىشىغا

سياستى، بولۇپمۇ ئـۆزى مۇستەملىكە قىلىـپ تۇرغـان مىللەتلەرگـە بولغـان مۇستەملىكىچىلىك سىياستى ھىچقاچـان باشـقا مەملىكەتلـەرنىڭ، بولۇپمـۇ غەرپنىڭ سىياسـتىگە ئوخشـىغان ئەمـەس. ھەممىگـە مـەلۇمكى، سىياسـەت ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن كۆرۈنىشى بولىشـى بىلـەن بىرگـە ئـۇ يەنـە ئـۆز ئىچىگە پۈتۈن ئىجتىمائى ئـامىللارنى بولۇپمـۇ مىللـەتنىڭ خـاراكتىرىدىكى مىللى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگـە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. بىـر ۋاقىتـلار شـەرق گورۇھىغـا ئومومـى ئىدىيـە سۈپىتىدە ماركسـىزىم ـ لېنىنىزىـم ئىدىيەسـى رەھبـەرلىك قىلاتتـى، لېكىـن ھـەربىر مەملىكـەتنىڭ سىياسـى، ئىقتىســادى، ئىجتىمائى، تارىخى، جۇغراپىيـەۋى ھـەم مىللـى ئـالاھىدىلىكلىرى پـەرقلىق بولغنى ئۈچۈن بۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە بىر ـ بىردىـن شـەكلى ھـەتتا مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ ئوخشـاشمىدى. مەسـلەن : سـتالىنىزىم، مـاۋئىزىم، تىتوئىزىم، ئـەنۋەر خوجـا ئىزىـم، كاسـترو ئىزىمـلار مـەيدانغا كـەلدى. بـۇ مەلىكەتلەر ئومومى ئاتىلىشتا « سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەر » دەپ ئاتالسىمۇ، بۇ مىللى مەملىكەتلەردە سوتسىيالىزىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ھەرخىل بولغاچقا، بۇنىڭ ئۇنۇمىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىدى. بۇ گويا سـوۋېت سوتسـىيالىزىمى بىلەن خىتاي سوتسـىيالىزىمى كۆرۈنىشتە بىرخىلـدەك تۇرسـىمۇ، ئەمەلىيەتتـە كـۆپ پـەرقلىق بولغىنىغـا ئوخشـاش. خىتــاي ئــورۇس ئەمــەس، ئۇنىــڭ سىياستىنىڭ زالىملىقى ۋە نەپسىنىڭ يامانلىقىنى تارىختىكى ھىچ قايسى بىر جاھانگىرغا ئوخشۇتۇپ بولمايدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندىكى 47 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەتلەر، بولۇپمۇ 85 ـ يىل 12 ـ دىكابىر ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن 15،000 كىشىلىك نامايىشـلار، 88 ـ يىلـى 15 ـ ئىيون ئۈرۈمچـىدە ئىلىـپ بىرىلغـان ئىككـى كۈنلـۈك مىللـى كەمسىتىشكە قارشى نامايىشلار، 89 ـ يىلـى ئـاپرىل ـ مـايلاردا ئۆتكۈزۈلگـەن 10،000 كىشىلىك نامايىشلار قاتارلىق ئاممىۋى ئوقۇغۇچىلار ھەركـەتلىرىنىڭ قانلىق باستۇرۇلىشى، بۇگۈنكى بېيجىن ھۆكۈمىتىدىن دېموكراتىيەنى ئۈمـۈت

بىر نەرەپتىن ئىز سۈرلەنتە ئىلگىرلەپ، ھەربى دىكتاتورسىنى كۆچەيتىشكە قاراپ، « شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك، قۇراللىق قارشى تۇرساق ئۇزىمىز ئۇتۇگەيمىز » دەپ تۇتۇرۇقسىز ئىنچلىق ھاۋاسىنى تارقىتىدۇ. مىنىڭچە، بۇ خىل قاراش ئىنتايىن خەتەرلىك قاراش بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئازاتلىق ئىنقىلاۋىغا نىسبەتەن ئىنتايىن زىيانلىقتۇر.

يۇقارقى ئابزاستا خىتاي دىموكراتىيەسى ھەققىدە بىر ئاز توختۇلۇپ ئۆتتۇق، ئوچۇقىنى ئېيتقانداق ھازىرقى خىتاي ھۆكۈمتى سوۋيېت ئىتتىپاقى يىقىلغاندىن كېيىنكى بىر پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ھەربى دىكتاتورغا ئاساسلانغان ئەڭ رىئاكسىيون، فاشىستىك، شوۋىنىست ( چوڭ خىتايچىلىق ) ھاكىمىيىتىدۇر. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مەقسىدى، مەملىكەتنىڭ پۈتۈن سىياسى، ئىقتىسادى ھەربى كۈچلىرىنى بىر ھاكىمىيەت ئاستىغا بىرلەشتۈرۈش ئىدى، ئۇنى قىلدى . ئەمدى ئۇنىڭ مەقسىدى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرنىڭمۇ ئۈستىدىنمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۇنياۋى مونوپوللۇق ھوقوقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆز مەملىكىتى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان ئىنسان ھوقوقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشنى ئاياق ـ ئاستى قىلىپ ئۆتكۈزگەن، چەكتىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، شۇڭلاشقىمۇ مۇنداق بىر ئىبورىست دۆلەتتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قانۇنى يول بىلەن بىرەر ياخشىلىقنى كۈتۈش ئەرۋاھتىن ئىمان تەمە قىلغان بىلەن باراۋەر.

بىزنىڭ ئەقىللىق، دانىشمەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق كۆرەش تارىخلىرىدا ئىمانىنى قەلبىدە چىڭ ساقلاپ، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماي، ئۇزۇن يىللىق كۆرەش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا، « دەججالنىڭ بىر كۆزى قارغۇ »، « تۆگىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق يارىسى بار » دېگەنگە ئوخشاش ئاتىلار سۆزلىرىنى ئىجات قىلغان ئىدى. بۈگۈنكى

ئۆلۈم ئەھدىدى سىلىۋالغان بۇ رەقەم ۋە سانلار بەك جىق، تارتىۋالغان زىيانىمىز بەك ئېغىر، غايەت چوڭ... كۆتىرىۋەرسەك ئاخىرى نېمە بولار ؟ « ئۆلگەندىن كېيىن ياسىنىنىڭ نېمە كېرىكى ؟... » ئامېرىكىنىڭ ئىندىيانلىرىدەك ئۆز تۇپرىقىمىزدە نوپۇس سالمىقىمىزنى يوقىتىپ، كالىفورنىيە شىتاتىدىكى مۇزىيلارغا قويۇلغان ئاندا — مۇندا ئۇچرايدىغان ئىندىئان ئەۋرىشكىلىرىدەك بىزمۇ ئۆز يېرىمىزدە تارىخى مۇزىيلاردا ساقلىنىدىغان ئەۋرىشكە ـ ئېكسپوناتلارغا ئايلىنىپ قالمايلى، ئىندىئانلارمۇ بىزلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانلاردىن ئىدىغۇ ؟ ئاللاھ ساقلىسۇن!... ئاللاھ تائالا « ساقلىنىمەن ! » دېگەننى ساقلايدۇ ! ! ! بۇنىڭ ئۈچۈن تىزدىن، بەك تىزدىن چارە قىلىپ، جان ساقلايدىغان چارە ـ تەدبىر تېپىش كېرەك.

بۇ ئەڭگۈشتەر — ئۆزىنى دۈشمەندىن ساقلايدىغان قورال ! قورالسىز ئىنساننىڭ ھاياتىدا كاپالەت بولارمۇ ؟ ھەتتا شۇ كۆزگە ئىلمەيدىغان ھاشارەت ـ ياچۇۋەكىنىڭ قولىدا دۈشمىنى يىلاننىڭ كۆزىنى قۇيۇۋېتىدىغان « زۇلپىقارى » بارغۇ، ئەنە بايانداي بويلىرىدا بوۋىمىز سادىرنىڭ كۆرە سىپىلگە ئىشلەتكەن پوروخى يۆللىشىپ قاپتۇ، ئۇنى قورىتايلى، ئەنە بەدۆلەت سەرۋازلىرىنىڭ دەشتۇ — باياۋانلاردا، قومبارخانىلىرىدا كۆمۈلگەن قىلىچلىرىنى قېزىپ چىقىرايلى. مانا ماناس بويىدا ئۆزىمىز شەيتاننىڭ ئالدىمىغا! چۈشۈپ، يېغى دۈشمىنىمىزگە تارتتۇرۇپ قويغان قوراللىرىمىزنى يانا تارتىپ ئالايلى ! ئىزراق ! بۇنى يىراقلاردىن ئەمەس، تېخى يېقىنقى تارىخىمىزدىن ئۈچ تۇرپانلىق راخمانوۋنىڭ، قەھرىمانلىق ئىزىدىن، بارىن مۇجاھىتلىرىنىڭ قۇتلۇق قېنىدىن، تېخى، تۇنۇگۇنلا ئەگرى تاغلىرىنىڭ يان باغىرلىرىدا چاچراپ ياتقان يېڭى ئازاتلىق ئىنقىلاۋىمىزنىڭ ئۇچقۇنلىرىدىن تاپايلى ! ھە ـ ھە، بۇ مۇ تېپىلدى، ئەمدى بۇنى ئولغايتساق، راۋاجلاندۇرساق، ۋايىغا يەتكۈزسەك بولىدۇ...

بەزىلەر غەرەزلىك ھەم غەرەزسىز ھالدا ھازىرقى خىتاينىڭ ئىقتىسادى

كۆرسەتمەكتە. ئۇ بەزىدە ئامېرىكا بىلەن بەزى مەسىلىلەردە مادار قىلىش ئەرپىنى ئۇنتىسىمۇ، دۇنياغا خوجا بولۇش مەسىلىسىدە باشتىن - ئاخىر بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى كولىماقتا. تېخى يېقىندىلا يۈز بەرگەن بېيجىن بىلەن تەيبېي ئوتتۇرسىدىكى مەسىلىلەردە ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ خىتايغا نىسبەتەن سەلبىي ئىنكاسلىرى سۆزىمىزنىڭ ياخشى مىسالىدۇر. بېيجىن ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بارغانسېرى ئايدىڭ بولۇۋاتقان كېڭەيمىچىلىك، زومىگەرلىك سىياسەتلىرىنى ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى قوشنىلىرى. ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مەملىكەتلەر كۈندىن كۈنگە توبدان چۈشىنىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ روسىيە، ياپونىيە، جەنۇبىي كورىيە. فىلىپپىن، مالايزىيە ھەتتا ئاۋستىرالىيەمۇ خىتاينىڭ يېقىنقى ئەھۋالىغا جىددىي قاراپ ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن يېقىندىن ھەربىي ئىتتىپاقلارغا كىرمەكچى. بېيجىن ھۆكۈمىتى بىلەن غەربىي شىمالدىكى شەرقىي تۈركىستانغا چېگرىداش بولغان بىر قانچە تۈرك رېسپوبلىكىلىرى چېگرا شەرتنامىلىرىنى ئىمزالاپ، ھەر ئىككى تەرەپ كۆرۈنۈشتە مەلۇم كېلىشىملەرگە كېلىشكەن بولسىمۇ، خىتاينىڭ يىراق شەرق، ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىش كونا پىلانى ھەرگىزمۇ توختاپ قالغىنى يوق.

بۇنىڭغا قارىتا بۇ مەملىكەتلەردە نارازىلىق ھەم قارشىلىقلار كۆپەيمەكتە. خىتايدىن كېيىن يېقىندىن ئاتوم قۇرالىغا ئېرىشكەن ھىندى ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىندىن بۇيان تېخىمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى. شەرقىي تۈركىستان. تىبەت، ئىچكى موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىست باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىگە قارشى باشلانغان مىللىي كۆرەشلىرىگە ياندىش بولۇپ، خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ كوممۇنىستىك رېجىمىگە قارشى ئىنسان ھوقۇقى،دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشنى قوللايدىغان كەڭ كۆلەملىك كۆرىشى يېڭى دولقۇن بولۇپ

كۈندىكى ئۆزىنى بىلمەي تەلۋىلەرچە قۇتراۋاتقان كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيەسىنىڭ ئەھۋالى نەق ئاشۇ بىر كۆزلۈك دەججالنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى بۈگۈن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ئېغىر زىددىيەتلەرگە مۇپتىلا بولۇپ، ئېغىر بوھران ئىچىدە تۇرماقتا. ھۆكۈمەت بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن ئارمىيە، ئارمىيەت بىلەن پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقى مۇناسىۋەتلەرنىڭ خارەكتىرى ئۆزگەردى. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئىچىدىكى مەنسەپ، ھوقوق تالىشىش، مەزھەپ كۈرەشلىرى ئەۋجىگە چىقتى. مەركىزى ھۆكۈمەت بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا مەنپەت كۈرەشلىرى بەك كەسكىن. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيەنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدىن تارتىپ تۆۋەن قاتلاملىرىغىچە پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك ئىشلىرى ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالدي. كوممۇنىست ۋە ئاتالمىش خەلق ھۆكۈمىتى ئاللىقاچان خەاق نەزىرىدىن چۈشۈپ قالالاي. 89 - يىلى 4.ئيۇن تيەنئەنمىن ۋەقەسىدىن كېيىن دېموكراتىك ھەركەتلەر قاتتىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن. خىتاي ھەم ئۇنىڭ مۇستەملىكە ئاستىدىكى مەلۇم خىتاي دېموكراتىيىسىدىن ئۇمۇدىنى ئۈزۈپ. قۇراللىق كۈرەشكە ئۇتتۇشكە مەجبۇر بولماقتا . بۇ مەسىلە بولۇپمۇ خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك زۇلمى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى مۇڭغۇلىيەلەردە روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا... بېيجىن ھۆكۈمىتى مەملىكەتنى پەقەت دۆلەت ھەربى ماشىنىسىغا تايىنىپ، دۆلەت تېرورى سىياسىتى بىلەن ئارانلا تۇتۇپ تۇرماقتا. ئەمدى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشقى ۋەزىيىتىگە كەلسەك: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سانائەت تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىگە ئەگىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش كونا پىلانىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈشكە كىرىشتى. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى دۇنياغا ئامېرىكىدىن غالىپ كېلىدىغان بىردىن بىر غالىپ كۈچ سۈپىتىدە

خەلقىنىڭ 20 ئايدىن بۇيانقى « ئاللاھۇ ئەكبەر ! » دەپ ئۇلۇغ
جەۋھەر دودايىۋنىڭ رەھبەرلىكىدە يۈتۈن مىللەتنىڭ مۇستەقىل
قىلغان پىداكارانە كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە چىشىدىن ئارتىپ
قورالانغان 200 مىليون خەلقى بار دەرىجىدىن تاشقىرى
روسىيەنى يەڭدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئاللاھ نامى بىلەن بىرلىش
ئادالەت ئۈچۈن قورallıق كۆرەش قىلغانلىقتۇر.
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان بىلەن چېچەنىستان ش
سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بىر قىسىم پەرقلىرىنى ھېساپقا ئالم
تەرەپتىن ئوخشايدىغان ھەم ئەۋزەل جايلىرىمىز بار. لېكىن شۇ
چېچەنلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز ئىستىقلالىدا چ
ئىنتىپاقلىشىپ پىداكارلىق بىلەن كۆرەش قىلىدىغان روھىد
ئۆگىنىشىمىز لىكېرەك. ئىنشائاللاھ، ئىنقىلاۋىمىزنىڭ بىسمىللىسى ي
ئىلاھىم دۈشمەنلەرنىڭ ئاغزىدىن سانەت چىققان بول
تۈركىستاندا كۈنسايىن ئولغىيىۋاتقان ھەر خىل تىپتىكى مىللىي پ
ھەركەتلىرى ئالدىمىزدىكى ئومۇمىي يۈزلۈك قورallıق ئىنقىلا
خەۋەر بېرىۋاتىدۇ...
ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇزۇن تارىختىن بۇيان، « قىرىق يى
يۇرۇپ قىرىلماپتۇ » دېگەن سۆزىنى تاشلىماي كېلىۋاتىدۇ... راس
مىللەتنى ھېچكىممۇ تۈگىتەلمەيدۇ. ئۇ مىللەت ئۆلمەيدۇ... ق
مىللەتنىڭ ئويغانماي، دۈشمەنگە باش ئىگىپ جىم يېتىش
ئۆزىنىڭ كىملىگىنى بۇ قېتىمقى 65,000 كىشىلىك ئىنقىلاپتا بى
ئىنشائاللاھ، ئالدىمىزدا بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلاپنىڭ ئاجايىپ پارلا
يەنە توختىماي نامايەن بولغۇسى !
بېيجىن ھۆكۈمرانلىرى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بۇ ئومۇمىيۈ
ئىنقىلاۋىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، خۇپسەنلىككە سېلىپ، گويا ب

قوشۇلماقتا.

مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ، لېكىن بىزگە پايدىلىق ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت ئاستىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن مىللەتنى ھالاكەتتىن ساقلايدىغان بىردىن ـ بىر يول قۇراللىق كۆرەش يولى بولۇپ قالدى. قۇراللىق كۆرەش يولى سىياسىي كۆرەش يولىنىڭ يۇقۇرى شەكلى بولۇپ، دۈشمەنگە قارشى سىياسىي يول بىلەن كۆرەش قىلىش، يەنى ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش چارىلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان تەغدىردە قوللىنىلىدىغان ئالى دەرجىلىك كۆرەش شەكلىدۇر. سىياسىي كۆرەش بىلەن قۇراللىق كۆرەشنىڭ ئۆز ئارا ئىنتايىن يېقىن دىئالىكتىك مۇناسىۋىتى بار. قۇراللىق كۆرەش ئالدى بىلەن سىياسىي كۆرەشنى تەقەززا قىلىدۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە قۇراللىق كۆرەش سىياسىي كۆرەشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىزنىڭ قۇراللىق كۆرەشنى تەكىتلىگىنىمىزمۇ سىياسىي كۆرەشنى چەتكە قاقىدىغانلىقىمىز ئەمەس، بىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىمىزدا قۇراللىق كۆرەشنى ئاساس قىلىپ. سىياسىي كۆردشنى قوشۇمچە ئېلىپ بارغىنىمىز توغرۇلۇق. ئەمدى2 ـ يولمۇ بار. بۇ يول ـ دۈشمەن بىلەن مادارا قىلىپ. ئۇنىڭغا باش ئېگىپ ئاخىرىدا مىللەتنى ھالاك قىلىش. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇلۇشكە رازىكى، بۇنىڭغا رازى ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن قولغا قۇرال ئېلىش. قولدىن كەتكەن ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە، ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشلارنى قانۇنى يول بىلەن ھەل قىلمىغاندىن كىيىن زورلۇق يولى بىلەن ئېلىش كېرەك. يېقىنقى زامانلاردا بىزنىڭ دىنى قېرىنداشلىرىمىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۇ ئەربىيەنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك پارلاق ئىجابى مىساللىرىنى ياراتتى. مەسىلەن : پەلەستىن. بوسناھەرسىك. چېچەنىستان.كەشمىر. مىندۇناۋا ئارىلى ( جۇنۇبى فىلىپپىن ) ۋە باشقا جايلاردا. بولۇپمۇ بىر مىليون چېچەن

قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، قۇرال كۈچى ھەم تىنىچ يول ب
ئازىلاش » ھەركىتىنى ئوختىماي يۈرگۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستا
خىتاي زېمىنىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئورۇنۇپ كەلگ
خىتاي باسقۇنچىلىرى بۇ مەقسەتلىرىگە ئېرىشەلمىدى، بۇنىڭ
ئېرىشەلمەيدۇ...

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن نەچچە مىڭ يىلل
خىتايلاردىن مۇستەسنا ھالدا مۇستەقىل، ئەركىن ياشاپ كەلگ
تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان دىنى، تىلى، مەدە
چىقىشى، ھەتتا چىراي شەكلى خىتايلارغا قەتئى ئوخشىم
يىللاردىن بۇيان ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىپ كىلىۋاتقان، ھ
دىنىنى مىللىتىمىزنىڭ ماددا - مەنىۋى مەۋجۇدىيتىغا سىڭىپ ك
ئوخشاش يات، بولۇپمۇ دۈشمەن مىللەتنىڭ باسقۇنچىلىقىغا قا
كۈچلۈك قارشىلىقىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن 25 ملىيون م
مەۋجۇتلىقىدا ھەم ئۇلاردىكى مۇستەقىللىق ئارزۇ — ئ
ئۆلمىگىنىدە. ئىككىنچىدىن جۇغراپىيە جەھەتتىن شەرقىي
خەلقى خىتاي بىلەن يېقىن چېگراداش بولۇپ، تارىختا خ
بىلەن مەلۇم دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىدە بولغان بولس
ھۆكۈمرانلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇناس
مىڭ يىلدىن بۇيان دوست - دۈشمەن. باسقۇنچى بىلەن ب
قارشى تۇرغۇچى، مۇستەملىكىچى بىلەن مۇستەملىككە قارش
مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ كەلدى. تارىختىن بۇيان شەرقى
خەلقى كۆرگەن بالايى - ئاپەت، بەختسىزلىكلەرنىڭ ئىگ
باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاجاۋۇزى تۈپەيلىدىن بولدى. شۇڭا، سەللە ك
بار، ئىمانى ھەم ۋىجدانى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆز مىل
ئاياق - ئاستى قىلىپ، خىتاي قولىدا ياشاشنى نومۇس بىلىد

تاساددىپى بولۇپ قالغاندەك، شەرقىي تۈركىستانلىقلار قولى بىلەن ئەمەس، باشقىلار تەرىپىدىن بولغاندەك قىلىپ كۆرسىتىۋالدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىنقىلاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 200 يىلدىن بىرىقى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مىللىي ئىنقىلاپلىرىنىڭ داۋامىدۇر.بۇنىڭدىن يۈز يىللار ئىلگىرىكى جاھانگىر غوجىنىڭ ۋاقىتلىق ھاكىمىيتى، ياقۇپبەگ ، ئىلى سۇلتانلىقى دۆلەتلىرىنى ھساپقا ئالمىغاندا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا 2 جۇمھۇرىيەت، بىرسى 1933 ـ يىلىدا قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى مەغلۇپ بولغان بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ داۋامى سۈپىتىدە 11 يىلدىن كىيىن غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى گەرچە بۇ دۆلەتلەر ئىچكى ـ تاشقى كۈچلەرنىڭ ئەسىرى تۈپەيلىدىن ۋاقتىنچە ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئىنشائاللاھ. شۇ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق ئىدديىلىرىنىڭ قاينار بۇلىقى بولغان خەلق ۋە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇت.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا دۇنياغا داڭلىق بولغان سۇلالىلەر، خانلىقلارنى قۇرغان، دۆلەت قۇرۇش تەجرىبىلىرىگە ئىنتايىن باي، ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقنى جېنىدىن ئارتۇق قەدىرلەيدىغان ھەم ئۆزىنىڭ قەدرىگە يىتىدىغان مىللەتتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق كۆردش تارىخىدا ھېچقاچانمۇ ئۆز مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىگى ئۈچۈن بولغان كۆرەشنى بىر كۈنمۇ توختۇتۇپ قويغان ئەمەس. تارىختىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمرانلىرى شەرقىي تۈركىستانغا بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، باسقۇنچىلىق قىلغان بولسىمۇ ھېچقاچان شەرقىي تۈركىستان « خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى » بولغان ئەمەس. 200 يىلدىن بۇيان خىتاي باسقۇنچىلىرى خەلقىمىزگە مىللىي، سىياسى، ئىقتىسادى، دىنىي، مەدەنى، ئۆرپ ـ ئادەتلەر جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئاسىملاتسيە

كۆردۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئارازا سىنىغىمىزدىن ئۆتكەزدۇق. گوڭچەندالڭ خىتاي بىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارىچە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى ئاساس قىلغان ئاپتونومىيەنى زورلاپ ئاڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ « بۆلۈپ ئىدارە قىلىش » سىياسىتىگە ئاساسەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى 15 پارچىگە بۆلدى . ئەسلىدە « ئاپتونومىيە » دىگەن ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىش دىگەن سۆز ئىدى، لىكىن بىز « شىنجاڭ پارتىيە كومىتىتى »، « شىنجاڭ ھەربى رايونى »، « شىنجاڭ قۇرۇلۇش بىگتۈەنى »، « شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ، شەرقىي شىنجاڭ ھەربى رايونى »، « جۇنۇبى شىنجاڭ ھەربى رايونى »... قانارلىق خىتاينىڭ قانمۇ – قات ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، زالىم ھەربى دۆلەت ماشىنىلىرى ئاستىدا ھوقوقسىز قۇل بولۇپ ياشىدۇق. ئەمدى بارابەر ئىنسان بولىمىز دىسەك مۇستەقىل بولىشىمىز كىرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىمىز كىرەك. بۇ قىبتىمقى باھار ئىنقىلاۋى ئەشۇ ئەسىرلىك ئارزۇ – ئارمان، مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىنىڭ داۋامى. ئۇ ئۆزىگە ئىستىقلالىيەتنى ئىشان قىلىدۇ. مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولماي، شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇ بىزگە تارىخىنىڭ چىقىرىپ بەرگەن توغرا يەكۈنى.

بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئىنتايىن مۈشكۈل، ئەگىر – توقاي يوللار بىلەن بىرىلىشىگە قارىماي، ئىنشائاللاھ، بۇ داۋانىڭ بۇ بىر مەزگىللىك قىيىن يوللىرىنى بىسىپ، ئاخىرى داغدام يولغا چىقىشىغا ئىشىنىمىز. ھازىر خەلقىمىز خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا دوستى كىم ؟ دۈشمىنى كىم ؟ ئىتتىپاقداشلىرى كىم ؟ بۇ مەسىلىلەرنى ئاساسەن چۈشۈنۈپ يەتتى. مەملىكەت مىقياسىدا ئونلاپ يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەشنى ئىنتايىن قىيىن شارائىتتىمۇ بىر مىنۇتمۇ توختۇتۇپ قويغىنى يوق. ھازىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يىرىدە خىتايغا قارشى كۆرەش يالقۇنلاپ يانماقتا.

تەبىئىي قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، شەرقىي تۈركىستانغا چېگرىداش مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە ئافغانىستان، پاكىستانلارنىڭ ئۆز ئارا تەغدىرداش بولۇپ ئورتاق مەنپەئەتلەرگە ئىگە بولۇشى، شۇندىلا بىزگە ئوخشاش كۆرەش قىلىۋاتقان تىبەتنىڭ بولۇشى. تۆتىنچىدىن، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىنسان ھوقوقى. دېموكراتىيە. ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش خەلقئارا پرىنسىپلارنىڭ ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ سىياسىتىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، بۇ پرىنسىپلارنىڭ دۇنيادا ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغانلىقى. شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ يۈتمەس ئۆچمەس مەنبەسىدۇر. شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى بۇ ھەرگىزمۇ بېيجىن ھۆكۈمىتى دېگەندەك « بىر ئۈچۈم مىللىي بۆلگۈنچى، دىنىي ئۆتەئەسىپلەرنىڭ ئاساسىي يوق ئاۋانتيۇرىستىك ھەرىكىتى » بولۇپ قالماستىن، بەلكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك، نەچچە مىليونلاپ قۇربانلارنى بېرىپ، داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاممىۋى خاراكتېرلىك مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خىتاي مۇخبىرى ۋاڭ خېي ئاۋ ئۆزىنىڭ « شىنجاڭ ــ پارتىلاش ئالدىدىكى دورا ئامبىرى » ماقالىسىدە، « شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت بۆلگۈنچىلىك تەلۋىي، تىبەتنىڭ مۇستەقىل بولۇش مەسىلىسىدىنمۇ بەكرەك جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئەندىشىگە سالماقتا » دەپ بايان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىنى، جىددىيلىكىنى ئوبرازلاپ بەردى.

بەزى ئادەملەر بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ئىنتايىن مۇرەككەپ كۆرەش مۇساپىسىنى ئەسلەپ، ئۆز كۈچىگە ئىشەنمەي، خىتاينىڭ كەڭرەك ئاپتونومىيىسىگە ئۈمىد باغلايدۇ...بۇنىڭ ھەممىسى قۇرۇق خىيال، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئارزۇلار، بىز مانجۇ خىتايىنى، مىلىتارىست خىتايلارنى، گومىنداڭ خىتايىنى، گۇڭچەنداڭ خىتايلارنى ھەممىسىنى

ئالىپ ئېكىنلەر ئۆزلىرىنىڭ ھايات ۋاقتىدا بۇنىڭدىن بۇرۇن دالاي لاما بىلەن بۇ ئىنقىلاۋى دوستلۇقنىڭ ياخشى نەمۇنىسىنى ياراتقان ئىدى. بۇ، « ئىتتىپاق » خەلقئارادا ناھايىتى زور ئىشلارنى قىلدى ھەم قىلىۋاتىدۇ. ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقى ئورتاق دۈشمەنگە قارشى جەڭگىۋار ئەشكىلاتتۇر. بىز بۇ سەپتىكى ئورتاق كۆرەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ داۋاسىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ھەم خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەشتە « ئىتتىپاق » نى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز لازىم.

ئەتراپىمىزدا بىزگە چېگراداش، ئەڭ مۇھىمى بىزگە قانداش تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى بار. ئۇلار يېڭىدىن مۇستەقىللىككە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلاردا سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنى، ھەربى ۋە باشقا ساھالەردە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددى مەسىلىلەر مەۋجۇت . ئۇلارنىڭ شۇ قىيىنچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىۋاتقان بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارغا نىسبەتەن قورقۇتۇش ھەم سېتىۋېلىش دىپلوماتىيەنى يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ مەسىلىدە خەلق بىلەن ھۆكۈمەتنى پەرقلەندۈرۈپ قاراش كېرەك. مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ خەلقلىرى كوممۇنىست خىتاي ئاسارىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بىر تەن، بىر جان قېرىنداش ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا قىلىنىۋاتقان زۇلۇمنىڭ ئۆزلىرىگە قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر بۇ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالمىسا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىدىكى قارا قىسمەتلەرنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىشىنىمۇ بىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا بۈيۈك تېمۇرلەر ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان ئاقساق تۆمۈر خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ سەمەرقەنتتىكى باسقۇنچىلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى، دىنداشلىرى ئۈستىگە ئات ـ سېلىپ قىلغان ۋەيرانچىلىقلىرى ئۈچۈن « ھەي ئىست، نەسلى دۈشمىنىم بۇ يەردە

شەرقىي تۈركىستان داۋاسى يالغۇزغىنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ قالماي، خىتايدىكى كوممۇنىست رېجىمىگە قارشى خىتاينىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ دېموكراتىك ھەركەتلىرى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ۋە شۇ داۋانى قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشى ئاساسىدا، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدا تەكتلىنىۋاتقان خىتايغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، ـ ئۇلار بىلەن ئورتاق كۆرەش قىلىشتىن باش تارتمايدۇ.

1995 ـ يىلى 4ـ ئىيۇن « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » گېرمانىيەنىڭ بون شەھرىدە « خىتاي دېموكراتىك مىللىي بىرلىكى » نىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن خىتايغا قارشى بىرلەشمە نامايىشقا چىقتى. بۇ بىرلەشمە نامايىشقا بىزنىڭ تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ قاتنىشىدا خىتاي دېموكراتلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي سىمۋولى بولغان ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئالدىنقى شەرت قىلىنغان. خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگە بۇ نامايىش قىزىل خىتاينى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن.

بولۇپمۇ كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك، باسقۇنچىلىق سىياسىتى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئوخشاشلا ئورتاق مىللىي زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ھەم ئورتاق تەقدىرگە ئىگە تىبەت، ئىچكى مۇڭغۇلىيە، مانجۇرىيە ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان ئورتاق ئىنقىلاۋى دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، ئورتاق دۈشمەن كوممۇنىست خىتاي مۇستومىلكىچىلىرىگە قارشى مۇرنى مۇرىگە تىرەپ كۆرەش قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ پىشقەدەم رەھبەرلىرىمىز مۇھەممەد ئېمىن بۇغرا، ئېيسا يۈسۈپ

ئەھدىدلىرى ئاز ئەمەس. ئۇ ئەنراپىتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قول ئىقىپ، ئۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئىنىچلىقىنى بۇزۇپ، ئۇز — ئارا ئىچكى ئۇرۇشلارغا سەۋەپ بولماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن قوشنا مەملىكەتلەر بىلەن بولغان ئىبرىتورىيە، دېڭىز تەۋەلىگى مەسلىدە زوراۋانلىق سىياستىگە تايىنىپ، باشقىلارنىڭ ئىگىلىك ھوقوقلىرىغا تاجاۋۇز قىلماقتا. سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە سوتسىيالىستىك لاگىرنىڭ رەھبىرى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇزىنىڭ رەقىبى ئامىرىكىغا قىلالمىغان ئىشنى بىيجىن قىلدى ھەم قىلىۋاتىدۇ... ئۇ، ئامىرىكىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى خىتايلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان لوس ئانجېلوس شەھىرىگە يۈزلەپ، مىڭلاپ ئاپتوماتىك قۇراللارنىڭ كىرگۈزۈپ، ئۇزىنىڭ يامان غەرىزىنى دۇنيا ئالدىدا ئاشكارلىدى... بۇ خەتەرلىك ھەربى قۇرال ئەپكەسچىلىك ھەركىتىنىڭ يىپ ئۇچى بىيجىن كوممۇنىستلىرىنىڭ مەركىزى ھەربى كومىتىتى ھەم دېڭشياۋپىڭنىڭ كۈيئوغلىغا بىۋاستە ئۇتىشىدىغانلىقىنى دۇنيا ۋە ئاۋىستىرالىيە گېزىتلىرى ئېنىق قىلىپ يازدى، دېمەك بىيجىننىڭ يۈرىگى ئادەتتىكىدەك ئەمەس، ئاننىڭ كاللىسىدەك ...

لېكىن بۈگۈنكى دۇنيا « زامان زورنىڭ تاماشا كورنىڭ » دېگەندەك، بىيجىنلىق زومىگەرنىڭ قىلمىشلىرىغا قارىتا قۇلىقىنى يوپۇرۇپ، كۆزىنى يۇمىۋالدى... دۇنيادىكى خېلى كۆپ ئادەملەر چوڭ ئوكيانلاردىكى مەۋجۇداتلار، ئورمانلاردىكى بەزى قۇش، ھايۋانلار ھەم ئىت - مۈشۈكلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ تالاش — تارتىشلار قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيادىن يوقۇلۇشىغا يۈزلەنگەنلىكى ھەققىدە ئىنتايىن قايغۇرۇپ، ۋەھىمە بىلەن ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈشىدۇ... بىراق خىتايغا ئوخشاش ئىمپېرىئالىستىك دۆلەتنىڭ تارىخلاردا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەر قوشقان ئۇيغۇر، تىبەت، مۇڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز يېرىدە، دۇنيا سەھنىسىدىن مىللەت تەرىقىسىدە يوقۇلۇۋاتقانلىقى ھەققىدە ئېغىز ئاچماي جىم

قالغان ئىكەن ! » دەپ ساقىلىنى غىجىملاپ، خىتايغا يۈزلۈش قىلمالچى بولۇپ، قىلالماي، پۇشايمان بىلەن دۇنيادىن ئۆتكەن ئىدى...

ئەمدى خىتاي سەددىچىن ئىچىدە ئەمەس، ئۇ مىليونلىغان ئەسكەرلىرى بىلەن تۇنۇگۈنكى غەربىي تۈركىستاننى قوغداپ كەلگەن، قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىكى شەرقىي تۈركىستاننى تۆمۈر تاپانلىرى ئاستىدا چەيلەپ تۇرىۋېتىپتۇ... تارىخ رەھىمسىز... ئەگەر بۇ دۆلەتلەر خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ھەقىقىي دۈشمەنلىك غەرىزىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن مۇستەقىللىقلىرىنى دۇنيىدىكى ئەڭ زالىم، ئەڭ ئاچكۆز خىتاي جاھانگىرلىكىگە بېرىپ قويۇشنى خالىمايدىغانلا بولسا، ئۇنىڭغا چارە كۆرۈشكە ئۆتىدۇ ھەم شەرقىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئىشلىرىغا چىن ئىخلاسى بىلەن ياردەم قىلىشىغا ئىشىنىمىز... ئەلۋەتتە.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگرالىرىدىكى قوشنا دۆلەتلەردە دۇنيادىكى ئاساسى زىددىيەتلەر ئەتىجىسىدە يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ. بۇ قېرىنداش دۆلەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ شەرقىي تۈركىستانغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي مومكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، دۇنيادىكى باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەردىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرمۇ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ئىجابى تەسىر بېرىدىغان ئامىللاردۇر.

. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ مەملىكەتلىرى خىتاينىڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ، دۇنياغا خوجا بولۇش ئاماسىدا ھەممىلا يەردە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە قاتتىق قۇتراۋاتقانلىقىنى كۆرىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ دۆلەتلەر ئالاھىدە دىققەتتە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى يىقىلغاندىن كېيىنكى بۇ رىقابەتچىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىنى جىددى نويلاۋاتىدۇ. دۇنيا ئەڭ كونا لېكىن ئىز ئۆسىۋاتقان بۇ ئىمپېرىيە تەھدىدىگە دۇچ كىلىۋاتىدۇ... بېيجىڭنىڭ دۇنيا ئىنچىلىقىغا سېلىۋاتقان

قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالدى » دەپ كۆرسەتتى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ـ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھەم دەۋرىنىڭ تەلىۋى بولۇپ قالدى. ئەسلىدە كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىقى، مۇستەقىللىقى كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە خاتىمە بېرىپ، ئۇنىڭ ئاجاۋۇزچىلىقىنى تىزگىنلەيدۇ. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا، كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسى ئۇنىڭ تۈگىمەس ئالتۇن، نېفىت، ئورانلىرىدىن پايدىلىنىپ كېتەلمەيتتى. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا ھەرگىزمۇ، ئاتوم سىناقلىرىنى ئۆزىنىڭ ئادىمى كۆپ ئۆلكىلىرىدە قىلالمايتتى ۋە بۈگۈنكى كۈندە خىتاي زامانىۋى ئاتوم مەملىكىتىگە ئايلىنالمايتتى. خۇلاسە قىلغاندا، كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسى سىياسى، ئىقتىسادى، ھەربى جەھەتتىن بۈگۈنكى كۈنگە يېتىشەلمەيتتى. دېمەك شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى دۇنيا تىنچلىقىغا خەۋپ يەتكۈزمەي، دۇنيا تىنچلىقىغا قوشۇلغان زور تۆھپە بولىدۇ. بۇ شەرقىي تۈركىستان ھەم دۇنيا خەلقلىرى جانجان مەنپەئەتلىرىنىڭ ئۆز ئارا تەقەززاسىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى. ئىنشائاللاھ، شەرقىي تۈركىستان ئالدىدا يېڭى ئىستىقلالىيەت دەۋرى يۈز ئېچىپ تۇرۇپتۇ.

بۇ ئىستىقلالىيەت دەۋرى ئالدى بىلەن بىزدىن، بىرىنچى، بۇ يىلنىڭ باھارى بىلەن باشلانغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قانلىق تېررورىغا قارشى بۇ ئەسىر ئىچىدىكى 3- قېتىملىق مۇستەقىل ئىنقىلاۋىنىڭ تېز سۈرئەتلىرىگە يېتىشىپ، ئىككىنچىدىن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تېز ھەركەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، خەلقئارادا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك ۋە ئابرويلۇق بىر مەركىزىنىڭ تېزدىن دۇنياغا

تۇرىۋالىدۇ. ھەتتا بەزى مەملىكەتلەر ئىقتىسادى مەنپەئەتلىرىنى ئىنسان ھەقلىرى ئالدىغا قويىدۇ - دە، خەلقئارادا دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنى ئىجارەتكە ئايلاندۇرىۋالىدۇ.

بۇ ئاجىزلىقتىن پايدىلانغان بېيجىڭ كىمكى خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى ھەققىدە سۆزلىسە، ئۇلارنى « ئاغزىنى مايلاش » دورىسى ئارقىلىق سۆزلىمەيدىغان قىلىپ « ساقايتىۋېتىدۇ » . بۇنداق قىلىش ئىنسانىيەتكە قىلىنغان چوڭ خىيانەت، دۇنيا تىنچلىقىغا قىلىنغان جىنايەت ... دۇنيا تارىخىدا زوراۋان فاشىست، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مۇتەسسەملىكچىلىك، كېڭەيمىچىلىك ھەركەتلىرىگە يول قويۇلغانلىقى ئۈچۈن دۇنيا ئاز دەرت - ئەلەم كۆردىمۇ ؟

- شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، بۈگۈنكى بۇ خەتەرلىك ھالدا بۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇز — قىزىل خىتاي ئىمپېرىيىسى بالايى - ئاپەت، ئورۇش مەنبەسىدۇر. دۇنيا ئەللىرى بۇ ئاپەتكە ھوشيار بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك !

مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ بۇ زوراۋانلىق كۈچىگە ئىگىشلىك جاۋاپ بېرىدىغان ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ جاۋاپنىڭ نەتىجىسى، ئىنشائاللاھ، كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن يېشىلىدۇ. بۇ يېشىم ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق ئېلىپ كېلىدۇ. سابىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى جاۋزىياڭنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، ھازىرقى خىتاي دېموكراتىك ھەركىتىنىڭ رەھبىرى يەنجياچى : « نۆۋەتتە خىتاي دۇنيادىكى بىر قۇدرەتلىك كۈچ بولۇش ئاماسىدا تېز سۈرئەتتە ئىلگىرلىمەكتە، خىتايغا قوشنا ئەللەردىكى يېڭى كۈچلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيەدە كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ پارچىلىنىشى قېچىپ

# شەرقىي تۈركىستان - خىتاي كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىنىڭ قانلىق زىندانى

يېقىندىن بۇيان خىتاي كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يەرلىك خەلقىگە سېلىۋاتقان مىللىي زۇلمى يەنە بىر قېتىم يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

سوۋېت ئىمپېرىيىسى يىقىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن كوممۇنىزمنىڭ جاھىل قورغىنى - بېيجىن ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئونمىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى قولغا ئالدى.

بېيجىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ دەھشەتلىك جىنايەتلىرى خەلقئارا ۋە ئاۋستىرالىيەدە چىقىدىغان مەتبۇئات، رادىيو ۋە تېلېۋىزىيەلەردە كەڭ تۈردە خەۋەر قىلىنىۋاتىدۇ.

سىدنېيدا چىقىدىغان « بىرلەشكەن خىتاي ۋاقتى » گېزىتى ئۆزىنىڭ 96 - يىلى 20 - ئىيۇن سانىدا ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مايىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ 15 ۋىلايەت، رايونلىرىدا 45 قېتىملىق قوزغىلاڭ بولۇپ. بۇ قوزغىلاڭلارغا 65 مىڭ كىشىنىڭ قاتناشقانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ناھايىتى كۆپ ساندا جاللات قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، مىڭدىن ئوشۇق ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ھەم ئونمىڭلاپ بىگۇناھ كىشىلەرنى قولغا ئالغانلىقىنى، بۇ قولغا ئېلىنغانلارنىڭ كۆپىنچىسى زىيالىي ھەم ياشلار ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

ئادەتتە ئىنسان ھوقۇقىنى داۋاملىق ئاياق - ئاستى قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان خىتاي باسقۇنچىلىرى ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى دۇنيا ئەپكار ئاممىسىدىن يوشۇراتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئەكسىچە باشقىلاردىن بۇرۇن بۇ ئەھۋالنى دۇنياغا ماختىنىپ ئېلان قىلدى.

كىلىشنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. ئىنشائاللاھ ئىشىنىمىز، بۇ ئارزۇ ـ ئامانلار تېزدىن ئەمەلگە ئاشقۇسى.

1996 ـ يىلى سىنتەبىر ئادېلايدېي شەھرى ـ ئاۋىستىرالىيە.

( گېرمانىيە، مىيونخېن، « بىرلىك » ژورنىلى 1996 ـ يىلى 1 ـ 2 ـ سان )

ئالغۇنتى قاندق بولىدۇ ؟ بۇنىڭغا ئاۋستىرالىيە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇنىڭغان پوزىتسىيەسى قانداق ؟ بۇ مەسىلىلەر شەرقىي تۈركىستانغا. قوشنا دۆلەتلەر ۋە دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك مەسىلىدۇر.

شەرقىي تۈركىستان ئىستىراتىگىيىلىك جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا جايلاشقان. ئۇ « ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يۈرىگى » دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستان مۇڭغۇلىيە، روسىيە، قازىقىستان،قىرغىزىستان، تاجىكىستان، پاكىستان، ھىندىستان، تىبەت ۋە خىتاي بىلەن چېگرالىنىدۇ.

ئۇنىڭ يەر مەيدانى 1,827,417 چاسا كىلومېتىر بولۇپ خىتاي زېمىنىنىڭ 5 تە بىرىگە توغرا كېلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپوسى مۇنازىرىلىك مەسىلە بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن مەسىلە ئەمەس. 1990 ـ يىلدىكى ھۆكۈمەت نوپۇس سانىغا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان مۇسۇلمان تۈركى خەلقلەرنىڭ سانى 23. 9 مىليون لېكىن مۇستەقىل مەنبەلەرگە قارىغاندا 25 مىليەن ئەتراپىدا. ھۆكۈمەت دائىرلىرىنىڭ رەسمى ستاتىستىكىسىدا خىتايلار بىلەن قوشۇلۇپ 15,,778 ھساپلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان نېفىت، گاز قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىغا ئىنتايىن باي بولۇپ، ھازىرقى خىتاي تەبىئى بايلىقلارنىڭ 70% نى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ چەتئەل مۇتەخەسسىسلىرى شەرقىي تۈركىستاننى « 21 . ئەسىرنىڭ كۈۋەيتى » دەپ ئاتىماقتا. شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئى گۈزەللىكى، يەرئاستى ۋە ئۈستى بايلىقلىرىنىڭ موللىقى، ئۇنىڭ پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئەچچە مىڭ يىللىق ئاجايىپ تارىخى، ئۇنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەتكە تولغان خەزىنىسى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ موھىم ئوچاقلىرىدىن بىرىدۇر.

ئاشۇنداق ئەۋزەللىكلەرگە قارىماي شەرقىي تۈركىستان بۈگۈنكى

بۇنىڭدىــــن شــۇنى كۆرۈشــكە بولىدۇكــــى: بىيجىـــن دۇنيـــا جامائــەتچىلىكىنىڭ شــەرقىي تۈركىســـتاندىكى ئــەھۋاللارغا تۇتقـــان بىپەرۋالىقىدىن پـايدىلىنىپ، شـەرقىي تۈركىستاندا كـەڭ كۆلـەملىك قـانلىق ئازىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئىخچىمۇ ئۇرغۇن كىشلەرنى قولغا ئالغانلىقى مۇقەررەر بولۇپ قالدى.

خىتـاي كوممۇنىسـت ئىمپېرىيىسـى دۇنياغا خوجا بـولۇش ئىستىـدە شەرقىي تۈركىستان خەلقى، ئۇنىڭغا چېگىرداش مەملىكەتلەر، دۇنيا ئـەپكار ئاممىسىنىڭ شـۇنچە ئـارازىلىق ۋە نەيىپلەشلىرىگە قىلچە پىسـەنت قىلمـاي ئەجەپلىنەرلىكى. « Green Peace » نىڭ لوپنۇردىكى ئاتوم سىناقلىرىغا قارشى ئــارازىلىق پـاراخوتى پىشانىسـغا لوپنـوردا ئـاتۇم سـىنىغىغا قارشـى شۇئارلارنى ئاقاپ، شاڭخەي پورتىنىڭ سۇ تەۋەلىگىگە كىرگەن كۈنـى « مانـا ساڭا ! » دېگەندەك ئىش قىلدى...

خىتاي ئۆزىنىڭ غەربىي شىمالدىكى مۇستەملىكىســى بولغـان شـەرقىي تۈركىستانىنىڭ لوپنۇر رايۇنىدا 6ـ ئاينىڭ 8ـ كۈنى يېڭىدىن 44ــ قېتىملىـق ئاتۇم سىنىقىنى ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى سىناقنىڭ پـارتلاش كۈچـى 7 .5 بـولۇپ، 95ــ يىلـى ئاۋىسـترالىيەنىڭ نىۋكاسـتىل شـەھرىنى ۋايرانچىلىققـا ئۇچراتقان يەر تەۋرەشنىڭ كۈچى بىلەن بارابەر.

خىتاي كوممۇنىست ئىمپىرىيەسىنىڭ قانلىق زۇلمىـدا، دۇنيـا ئـەزىرىدىن چەتتە قالغان، چوڭ دۆلەتلەر مەنپەئەت كۆرىشىنىڭ قۇربانى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھايات ـ مامات گىرداۋىدا ئۇنجۇقۇپ ئىڭراۋاتىدۇ...

كوممۇنىست خىتـاي باسـقۇنچىلىرى ئىشـغالىيەت ئاسـتىدىكى شـەرقىي تۈركىستان ( شىنجاڭ ئۇيغـۇر ئـاپتونوم رايونـى ) قـانداق يـەر ؟ ئـۇ يـەردە خىتـاي باسـقۇنچىلىرى ئىمىلـەرنى قىلىۋاتـىدۇ ؟ ئــۇ يــەردىكى يــەرلىك خەلقنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟ ئۇلارنىڭ ئـارزۇ ـ ئارمـانلىرى ئىمـە ؟ بېيجىـن ھۆكۈمىتىنىڭ شـەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسـتەملىكچىلىك سىياســتىنىڭ

ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلدى. ئۇلار ئىنتايىن ھىيلىگەرلىك بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا «بۆلۈپ تاشلاپ، ئىدارە قىلىش» دېگەن فاشىستلارنىڭ قەبىھ سىياسىتىنى ئۆز سىياسىتىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى قىلدى.

ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىق يولىدا يۈزمىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار بولۇپمۇ ياشلار ۋە زىيالىيلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي شەرىپى ۋە غۇرۇرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنى «ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ قولغا ئېلىپ، زىندانلارغا تاشلىشىغا، ئۆلتۈرۈپ ـ چېپىشلىرىغا باش ئەگمىدى. ئەكسىچە، شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قانلىق زۇلمىغا قارشى بۇ مۇقەددەس كۆرەشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويغىنى يوق.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي كۆچمەنلىرىنى ھەدەپ شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقى بۈگۈن ئۆز يېرىدە ئاز سانلىققا ئايلىنىپ قالدى. ھازىر ئاز دېگەندىمۇ كۈنىگە 15 مىڭلاپ خىتاي كۆچمەنلىرى شەرقىي تۈركىستانغا كىرىۋاتىدۇ. بېيجىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە خىتاي كۆچمەنلىرىدىن 100 مىليوننى شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىغان.

كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى تۇغۇتنى پىلانلاش نامى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇتنى قاتتىق چەكلەش سىياسىتىنى ۋەھشىيلەرچە يۈرگۈزۈپ، 2،020،000 دىن ئوشۇق گۇناھسىز بوۋاقلارنى بالىنى چۈشۈرۈش، تۇغماس قىلىش يوللىرى بىلەن قاتىللارچە ئۆلتۈردى. يېتەرلىك تىببىي ياردەم ھەم تىببىي ئەسلىھەلەرنىڭ كەمچىللىكىدىن 10 مىڭلىغان ئاياللىرىمىز ناكار قىلىندى، ھەرخىل جىددىي كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلمەكتە... ھايات قالغانلىرىمۇ ئەقلىدىن ئېزىپ ساراڭ بولۇپ كەتتى. نەتىجىدە 10 مىڭلاپ ئائىلىلەر بۇزۇلۇپ خانىۋەيران بولدى.

كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ قانلىق زۇلمى ئاستىدا قالغان، دۇنيا ئەزىرىدىن مەجبۇرى چەتلەشتۈرۈلگەن ئىنتايىن كەمبەغەل، بەختسىز ئۆلكىدۇر. شۇڭا خىتاي ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ قاشىشاق بىچارە ھالىتىنى مەسخىرە قىلىپ، «ئالتۇن ئاۋاق كۆتەرگەن دىۋانە» دەپ ئاتىغانلىرى بىكار ئەمەس. شەرقىي تۈركىستان خەلقى چەتئەل باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ ئازات ئەركىن ياشاش ئۈچۈن توختىماي كۆرەش قىلىپ كەلدى. پەقەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى بىر قانچە قېتىم چوڭ ئىنقىلاپلار قىلىپ، ئىككى قېتىم: 1933 ـ ۋە 1944 ـ يىللىرى ئۆزىنىڭ غەلىبىلىك ھالدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دۇنيا دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرنىڭ سىياسى غەرەز ۋە مەنپەئەتلىرىنىڭ قۇربانى بولدى. نەتىجىدە 1949 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ساتقۇنلۇقى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ماۋنىڭ باسقۇنچى قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن قانۇنسىزلىق بىلەن ئىشغال قىلىنىۋېلىندى.

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى قانۇنسىز ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، يەرلىك خەلقنىڭ ئاساسى ئىنسان ھوقۇقلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاياق ـ ئاستى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر يۈرۈش جىنايى سىياسەتلىرىنى سىڭدۈرۈلۈش، پىلانلىق، توختىماي يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆتمۈشتە فېئودال ـ مىللەتچىلىك ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىشلىتىپ كەلگەن خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، قاراڭغۇ زۇلمەتتە ساقلاشقا ئوخشاش مۇستەبىت سىياسەتلىرىنى قوللىنىشتا ئۇلاردىن ئېشىپ كەتتى.

49 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقىنى يوقۇتۇپ، بۈيۈك خەن مىللىتىگە يۇغۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئىزا تارتىشنى بىلمىگەن كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى زالىملىق ۋە مۇتتەھەملىك بىلەن

شەرقىي تۈركىستانلىق ھاياتلىرىدىن ئايرىلىشتى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇنچىلىك ئۇزۇن تارىخىدا خىتاي ھۆكۈمىتى سىناق قىلىۋاتقان ئاتوم قۇراللىرىنىڭ رادىئوئاكتىپ زەررىچىلىرىنىڭ زەھەرلىشى بىلەن ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ 1 ـ قېتىم كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ئاجايىپ غارايىپ دەھشەتلىك كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ، پاجىئەلىك ھالدا ئۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە شاھىد بولدۇق.

ئاتوم پولىگونىغا يېقىن جايلاردا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆپكە، جىگەر، قان ۋە تېرە راكلىرى بىلەن ئۆلۈۋاتقان بولسا، بوۋاقلارنىڭ غەيرى نورمال ـ غەلىتە تۇغۇلۇشى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق رادىئوئاكتىپ نۇرلىرىنىڭ زەھەرلىشىدىن خالىي ئەمەس.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى كىشىنى دەھشەتلىك قورقىتىدىغان دەرىجىدە، ئاتوم پولىگونىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان لوپنور كۆلى ۋە باشقا 400 دىن ئوشۇق كىچىك كۆللەرنىڭ سۇ كېلىش مەنبەلىرىنىڭ توسۇلۇشى، ساسلىقلارنىڭ قۇرۇشى، ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن پارغا ئايلىنىشىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشكە ئەگىشىپ، بۇ گۈزەل ساسلىق ۋە ئوتلاقلار قۇم بارخانلىرىغا ئايلانغان، ئاتوم پالىگونىنىڭ غەربىيگە جايلاشقان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 3 مىليون ئاھالىسى بۇرۇن بار بولغان ئېرىق ئۆستەڭ، كۆللەر بۇلغىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىچىشكە سۇ تاپالماي، قۇدۇق قېزىپ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا. سىناق مەيدانىنىڭ جەنۇبىدىمۇ نەق مۇشۇ ئەھۋال...

دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزىدىكى كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيىسى يالغۇز ئۆزىلا شەرقىي تۈركىستاندا ئاتوم سىناقلىرىنى ئېلىپ بېرىپ قالماي يەنە ئاز تولا پايدا ئۈچۈن يەنە بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئاتوم سىناقلىرى ھەم باشقىلارنىڭ ئاتوم قالدۇقلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا تۆكتۈرمەكتە.

ئۇغۇتنى قاتتىق كونترول قىلىش دېگەن بۇ فاشىستىك سىياسەتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ 90% نى ئۇغماس قىلىش بولۇپ، مۇشۇ ئامىمۇى قىرغىنچىلىق نەتىجىسىدە يەرلىك خەلقلەرنىڭ نوپۇس ئۆسىشى توختىدى. بېيجىن يەرلىك خەلقلەرنىڭ سانىنى 5 مىلايون ئەتراپىدا كونترول قىلىشنى پىلانلىماقتا.

1949 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندا 58 قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ يۈز بېرىپ، بىر مىليون شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆلتۈرۈلدى ھەم بىر مىليون كىشى قوشنا مەملىكەتلەرگە قېچىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىندى.

1990 ـ يىلى ئاپرىلدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بارىن يېزىسىدا ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. مۇستەبىت، زالىم خىتاي ھۆكىمىتى ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ بىراقلا ئىككى يۈزمىڭ جاللات قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، كىچىككىنە يېزىنى قاتمۇ ـ قات قورشاۋلار ئىچىگە ئالدى. كۆپلىگەن گۇناسىز پۇخرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3000 ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئەشۇ گۇناھسىز قۇربانلارنىڭ بىرسى ئۆشۈكتىكى بوۋاق بولۇپ، ئۇنىڭ بەدەن ۋە ئۆشىكىگە 28 پاي ئوق تەككەن ئىدى.

ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا 92 تۈرمە ۋە ئەمگەك جازا لاگىرلىرى بار بولۇپ ئۇنىڭدا 250،000 دىن ئوشۇق سىياسى مەھبۇس ئىنسان قىلىپىدىن چىققان شارائىتلاردا ئازاپ چەكمەكتە، ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپىرەكى ياشلاردۇر.

شەرقىي تۈركىستان يالغۇزلا كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيەسىنىڭ زۇلۇم ئوچىغى بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش مەقسىتىدە قۇرغان، ئاتوم ۋە خىمىيەۋى قۇراللىرىنى سىناق قىلىدىغان جىنايى مەيدانىدۇر. بىرىنچى قېتىملىق ئاتوم سىنىغىدىن ھازىرغىچە 32 يىل ئۆتتى، شۇ جەريانلاردىكى توختىماسىز ئاتوم سىناقلىرى نەتىجىسىدە 250،000

قىلالىسۇن ؟

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقەددەس ئېرى ھېچقاچان دۇنيا خەلقىگە تۈرۈش، تاجاۋۇزچىلىق قورقۇنچ ئېلىپ كەلمەي، ئەكسىچە، دۇنياغا تىنچلىق، خاتىرجەملىك ھەم پاراۋانلىق ئېلىپ كىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمىيتى 25 مىليۇنلۇق شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامىدىن ئەركىنلىك، تىنچلىق ۋە ئادالەتنى سۆيگۈچى دۇنيا خەلقىنىڭ ساپ ۋىجدانىغا ئۆزىنىڭ ئەرز شىكايىتىنى ھاۋالە قىلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان ھېچقاچان خىتاينىڭ بىر پارچىسى بولغان ئەمەس، ئۇ كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئاسارىتىدىكى مۇستەملىكە مەملىكەتتۇر. شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھېچقاچان خىتاي ئەمەس. ئۇلار تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ، مىللى، تىلى، دىنى، مەدەنى ھەم فىزىكىلىق جەھەتتىن خىتايلاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىق ئايرىم مىللەتتۇر.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكىسىز قانلىق زۇلمى ئاستىدا ياشىماقتا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازاپ ـ قايغۇ، دەرت ـ ئەلەم ۋە ئارزۇ ئارمانلىرىنى دۇنيا ئەركار ئاممىسىغا يەتكۈزۈشكە ئىمكانسىز.

شۇڭلاشقا ئاۋىستىرالىيە ۋە چەتئەللەردە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار دۇنيا ئاقكۆڭۈل جامائەتچىلىكىگە شۇنى چىن سەمىمىيتى ۋە ئىخلاسى بىلەن جاكالايدۇكى : شەرقىي تۈركىستان ـــ شىنجاڭ ئەمەس. شەرقىي تۈركىستان ھۆرىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۇنىڭ قوشنىلىرى ۋە دۇنياغا تىنچلىق ئېلىپ كىلىدۇ ھەم كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ كېڭەيىشچىلىكىنى توسايدۇ.

ئاۋىستىرالىيەدىكى تۈركىستان جامائەتچىلىكى ئاۋىستىرالىيە ۋە پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لوپنۇردىكى ئاتوم سىناقلىرىنى توختىتىش ۋە شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ

قىنى. كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلغان زورلۇق ــ زومبۇلۇقلىرىنى ۋاقتى كەلسە باشقىلارغا قىلمايدۇ، دەپ كىم كەسكىن كېپىللىك بېرەلەيدىكىن ـ ھە !

كەڭ دېڭىز ـ ئوكيان، چەكسىز ئورمانلاردىكى ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار، مەۋجۇداتلارنىڭ ئۇرۇغىنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە كىشىلەر ھەدەپ ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈپ، ۋاقىراپ ــ جاقىراپ ئەنسىرەشمەكتە. لېكىن بۈگۈنكى دۇنيادا كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق سىياسىتىدىن شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەلەرگە ئوخشاش پۈتۈن ـ پۈتۈن مىللەتلەر دۇنيا سەھنىسىدىن يوقاپ كېتىپ بارسا، بۇنىڭغا بىر نەرسە دەيدىغان ئوغۇل بالا يوق. بۇ ھەقتە ھەممىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كىتىدۇ...

بۇ دۇنيا تىنچلىقىغا زىيانلىق. قورقۇنچلۇق ئەھۋال، تارىختا دۇنيادىكى فاشىست. زوراۋان كوممۇنىست كۈچلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ئالدىدا دۇنيا خەلقىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلى تارتقان ئازاق ــ قايغۇ. دەرت ــ ئەلەملىرى ئازمۇ ؟ مانا بۈگۈن كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسى دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزىدە مەيدانغا چىقماقتا...

ئەگەردە خىتاي ھۆكۈمىتى ئاسارىتىدىكى مىللەتلەر ئۆز مۇستەقىللىقلىرىغا ئېرىشىدىغانلا بولسا، بېيجىڭنىڭ كېڭەيمىچىلىك ۋە ئاجاۋۇزچىلىقىغا خاتىمە بەرگەن بولىدۇ.

ئەگەردە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالتۇن. كۆمۈش. نېفىت، كۆمۈر ۋە ئورانغا ئەخشاش يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ خىتاي ھۆكۈمىتى بۈگۈنكى ھالەتكە كېلەلمىگەن بولاتتى. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل مەملىكەت بولغان بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتى ھېچقاچان ئاتوم قۇدرىتىگە ئىگە بولالمايتتى. ئۇ قانداق قىلىپ ئادىمى كۆپ، زېمىنى تار مەملىكىتىدە ئاتوم قۇراللىرىنى سىناق

# ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارادىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتى

قەدىرلىك قانداش، دىنداش، ۋەتەنداشلار :

باسقۇنچى كوممۇنىستىك خىتاي زۇلمى ئاستىدىكى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ فاجىئەلىك ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ھەممىمىزگە مەلۇم ! ئۆتكەن يىلى 19 - مارت كۈنى خىتاي كوممۇنىست جاللاتلىرىنىڭ باشلىقى جياڭزېمىن رىياسەتچىلىكىدە خىتاي كومپارتىيىسى سىياسىي بىيوروسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىنجىتىش ھەققىدىكى يىغىنىنى ئېچىپ، ھەربىر خىتىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىگۇناھ قانلىرى ئېمىپ ئۆرىدىغان يەتتىنچى ئۆمۈرلۈك ئىنتايىن مەخپىي ھۆججىتىنى تارقاتتى. شۇندىن كېيىنلا 26 - ئاپرېلدا شاڭخەيدە ئىمزالانغان، خىتاي، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ۋە تاجىكىستانلارنىڭ چېگرا كېلىشىمى ئىمزالىنىشى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئون - ئونبەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ( ئۇيغۇرلارنى - ئاساس قىلغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى مەجبۇرى خىتايلاشتۇرۇش ياكى يوق قىلىش ) سىياسىتىنىڭ راكىتاغا ئوخشاش يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىلىشىگە يول ئېچىپ بەردى. ئەشۇ ئاسسىمىلاتسىيون ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈرك دۇنياسىنىڭ ئالتۇن بۆشىكى، قەدىمى تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلمەس ئىپتىخارى، قەھرىمان ئانا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەۋەررۇك مىراسى - شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرىنىڭ دۆلەت تېررورى ئەۋجىگە چىقتى...

بىر ئاللاھ دىن باشقا باش پاناھى بولمىغان كۆپ جاپاكەش شور -

قانۇنسىز ئومۇمىي يۈزلۈك قولغا ئېلىشلىرىنى ئىزدىن توختۇتۇشقا بېسىم كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

1996 ـ ماي ئادېلايدېي ـ ئاۋستىرالىيە.

ئىشچى - دېھقان قېرىنداشلىرىمىزنى « دىنىي ئەكسىيەتچىلەر »، « مىللىي بۆلگۈنچىلەر » ھەتتا « جەمىيەت ئامانلىقىنى بۇزغان قاتىللار » دەپ ئۆلتۈرۈپ جازالاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان مىللىتىمىزنى پۈتۈنلەي يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ...

لېكىن دۇنيا تارىخى شۇنىڭغا گۇۋاھكى، بىرەر دۆلەتنىڭ دىنى ۋە شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە قارشى بىر مەزگىل غالجىرلىق بىلەن قوتۇرغان قارا كۈچلەر ئۆز بېشىنى يېگەن...

خىتاي جاللاتلىرىنىڭ دۆلەت تېررورى خەلقىمىزنى ئويغاتتى، « يالتىراپ يۇلتۇز ياناتۇر، تۈن قارا بولغان سايىن، يادىمغا تەڭرىم چۈشەدۇر بەختىم قارا بولغان سايىن » دېگەن ھەقىقەتكە ئاساسەن، خەلقىمىز كوممۇنىست خىتاي زۇلمى ئاستىدا ئاياق — ئاستى قىلىنىۋاتقان ئىمانىنى، ۋىجدانىنى، ئار — نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئوكيانلاردا قوزغالغان دەھشەتلىك دولقۇنلاردەك بىر — بىرىگە ئۇلىشىپ، بىر — بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بۇ « ئىسيانچىلار ئۆلكىسى » دە 90- يىلى 5 - ئاپرېلدا يۈز بەرگەن « بارىن ئىنقىلاۋى »، 95 - يىلى 7 - ئىيۇلدا يۈز بەرگەن خوتەن ۋەقەلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى بولۇپ، بۇ ئىنقىلاپنىڭ « ئىركىشىش » باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

بولۇپمۇ بۇ يىل 5 — 6 رامىزان كۈنلىرى خىتاي ساقچىلىرىنىڭ مەسچىتىمىزدە ئىككى تالىپنى ئۆلتۈرۈشى ھەم دىنى مەكتەپتىكى خانىم — قىزلىرىمىزنى قاماپ، ئاياق - ئاستى قىلىشى بىلەن باشلانغان خەلقنىڭ تىنچ نامايىشىنى ئون مىڭلاپ خىتاي قوشۇنلىرى بىلەن باستۇرۇپ، 37 تالىپنى كوچىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، يۈزلىگەن ئادەمنى يارا قىلىپ، پەقەت غۇلجا شەھىرىدىنلا 5000 دىن ئوشۇق قېرىنداشلىرىمىزنى قولغا ئالدى. ئەمدى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئالدىدا ئۆزىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش

پىشانە شەرقىي تۈركىستان خەلقى يەنىمۇ دەھشەتلىكرەك قىزىل قىيامەت ئىچىدە قالدى.

مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقارادىن كەلگەن ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا. ئۆتكەن يىلى ( 96 ـ يىلى ) ئاپرىلدىن مايغىچە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ 15 ۋىلايەت، رايەنلىرىدا 45 قېتىملىق قوزغىلاڭ يۈز بېرىپ، بۇنىڭغا 65.000 دىن ئوشۇق كىشىلەر قاتناشقان. مىڭلىغان مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى ئۆلتۈرۈلدى، ئونمىڭلىغان ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىمىز زىندانلارغا تاشلاندى. مىڭلىغان زىيالى، دىنى باشلىرىمىزنىڭ ئىزدىرىكى يوق. ئىستىبدات زالىم خىتاي زۇلمى ئاستىدا سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز بۇ دۇنيانىڭ قاراڭغۇ زىندانىغا ئايلاندى. ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈلگەن « مەجبۇرى تۇغۇتنى چەكلەش » سياستى بىلەن مىليونلاپ بوۋاقلىرىمىز كۈنىنىڭ سىرىغىنى كۆرمەي ئابۇت قىلىندى. خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئوپان بالاسىدەك ۋەتىنىمىزگە ئاقتۇرۇلىشى بىلەن 10 مىليونلاپ ئاچ خىتايلار شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ. ئۇلارنىڭ نىسپىتى 5% تىن 40% كۆپىرەككە يەتتى. مىليوندىن ئوشۇق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ھەرخىل يوللار بىلەن قوشنا مەملىكەتلەرگە چىقىپ كىتىشكە مەجبۇرلىدى. 100 مىڭلاپ قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، نەڭ چوڭ 19 دىن ئوشۇق تۈرمە، جازا لاگىرلىرىدا 100 مىڭلاپ قېرىنداشلىرىمىزنى ھازىرمۇ ئازاپلىماقتا... پۈتۈن بايلىقلىرىمىزنى بۇلاپ ـ تالاپ خەلقىمىزنى گادايلىقتا قالدۇرىۋاتقان خىتاي جاللاتلىرى بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، ئەمدى باسقۇنچىلىق سياسىتىنىڭ زەھەرلىك تىغ ئۇچىنى بىزنىڭ ئۇلۇغ دىنىمىزغا. مىللى مەۋجۇتلىقىمىزغا قارىتىپ، ئىنسانلاردا ئەقەللى بولۇشقا تېگىشلىك ئىتىقاد، سۆز ئەركىنلىكلىرىمىزنى ئاياق ــ ئاستى قىلىپ، مەسچىت. مەدرىسە، مەكتەپلىرىمىزنى ئاقاپ ئىنسان ھوقوقى. دىموكراتيە ئۈچۈن كۆرىشۋاتقان ئۆلىما ـ ئالىملىرىمىزنى. زىيالى باشلىرىمىزنى. ۋەتەنپەرۋەر دىنى ئالىپلىرىمىز.

خەلقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتى

1997 - يىلى 4 - ئاپرېل، ئادېلايدېي - ئاۋستىرالىيە .

ئۇچۇن پەقەت بىر يوللا قالدى. ئۇ يول ــ قولغا قورال ئېلىپ، ئۆزىنىڭ دىنىنى، مەدەنىيىتىنى، مىللىتىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. بۇ ھەر بىر ئىنسانىنىڭ، مىللەتنىڭ ياشاش ھوقۇقىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىتىمىزنىڭ ئىسىل پەرزەنتلىرى ئاللاھ تائالا رىزاسى، ئىزلىگەن مىللىتىمىز ھەم ئاياق ـ ئاستى قىلىنغان ۋەتىنىمىز ئۈچۈن جىھاد يولىغا ئاتلاندى. ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەتىنىمىز ھەم مىللىتىمىزنىڭ ھايات ۋە ماماتلىقى ئۈستىدىكى بۇ مەسىلىدە بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ئىنتايىن زوردۇر. « ھوببۇل ۋەتەن، مىنەل ئىمان ( ۋەتەننى سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىن )»، يانقان بولساق ئۇرايلى، ئۇرغان بولساق دەرھال ھەركەتكە كىلەيلى، « مبلى بارلار مبلى بىلەن، جېنى بارلار جېنى بىلەن، بىلىم ـ ھۈنرى بارلار، بىلىم ھۈنىرى بىلەن » ۋەتەن ــ مىللەتنى قۇتۇلدۇرىدىغان ئۇلۇغ ئىنقىلاۋى سەپكە قوشۇلايلى ! پىچاق سۆڭەككە يەتتى... ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادا ۋەتەن ــ مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىگىدەك ئۇلۇغ، ئۆزگە نەرسە يوق ! دۈشمەن زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان مۇستەقىللىق، ئەركىنلىگىمىزنى پەقەت زورلۇق بىلەنلا تارتىپ ئېلىشقا توغرا كىلىدۇ، ئەركىنلىك بىرىلمەيدۇ !

ئۇلۇغ ۋەتەن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بۈگۈنكى قىيىن ئەھۋالى ھەممىمىزنىڭ ئىمانىنى، ۋىجدانىنى ئۇلچەيدىغان سىناق تارازا تېشى... شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بۈگۈنكى دەردىگە داۋا ئىزدەش ــ ھەر بىرىمىز ئۈچۈن ھەم پەرز ھەم قەرز !

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار! ئانىمىز ــ شەرقىي تۈركىستان ھەم ئۇنىڭ جاپاكەش خەلقى سىزنى ياردەمگە، قوللاشقا چاقىرىۋاتىدۇ. سىزنىڭ دۇئايىڭىز، مەرتلەرچە قىلغان سەدىقە ــ ئىنائىلىرىڭىزگە، ۋەتەن ــ مىللەت يولىدا جىھاد يولىغا قەدەم تاشلىغانلىقىڭىز كوممۇنىست خىتاي زۇلمى ئاستىدا قالغان، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان

كۆنگە 5 ــ 10 مىڭغا يېقىن خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقى
يۆتكەپ يەرلەشتۈرمەكتە. بۇ سەۋەپتىن شەرقىي تۈركىستان
خەلقى ئاز سانلىق ھالغا چۈشتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا ق
شەرقىي تۈركىستانغا 100 مىليون خىتايىنى يەرلەشتۈرۈشنى پىلا

1984 ـ يىلدىن بېرى « نوغۇتنى قاتتىق كونترول قىلىش
مۇسۇلمان تۈركلەر ئارىسىدا رەسمەن يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن. 6
ئوكۇل، 2 مىليون بوۋاق ئابورت قىلىش يولى بىلەن رە
ئۆلتۈرۈلدى. تىببىي ئەسلىھەلەرنىڭ يېتىشسىزلىگى ۋە تىببىي
كەمچىللىگىدىن يۈز مىڭلىغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللىرىم
تۆردە ۋاقىتسىز ئۆلۈمگە زورلانماقتا... بۇ تىنسان قىلىپىدىن چىق
چارىلىرى بىلەن مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ يىللىق نوسۇشى توختى
نوپۇسى يىلدىن ـ يىلغا ئازايماقتا.

شەرقىي تۈركىستان يالغۇز كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرى
قانلىق زىندانى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش
قۇراللىرىنى سىناق قىلىدىغان ھەم ئەتقىق قىلىدىغان دۇنيادىك
ئاتوم پولىگونلىرىنىڭ بىرىدۇر.1964 ـ يىلدىن باشلاپ 46 قې
سىناقلىرىغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا يەر، سۇ، ھاۋا بىر ئىغ
تېپتىقاندا، پۈتۈن تەبىئەت كىشىنى دەھشەتكە سالىدىغان ھا
بولدى. كىشلەرنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدىغان قان. ئۆپكە. ج
راكلىرى كەڭ تارقالماقتا. رادىئوئاكتىپ نۇرلىرى بىلەن زە
تۆلگەنلەرنىڭ سانى رەسمىي كۆرسەتمىلەردە 26 مىڭ. لىك
مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا 260،000 كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىل
بالىلارنىڭ غەيرى نورمال بولۇپ تۇغۇلۇشلىرى كۈندىن
كۆپەيمەكتە. ئاچكۆز كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسى ئىپ
غەرەزلىرى ھەم ئازغىنە ئىقتىسادى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بىر

# 6 ـ قبتىملىق تۈرك دۆلەتلىرى ۋە توپلۇلۇقلىرى قۇرۇلتىيدا سۆزلەنگەن دوكلات

## « شەرقىي تۈركىستان : تۈرك دۇنياسىنىڭ قانلىق يارىسى »

ھۆرمەتلىك قۇرۇلتاي رەئىسى، تۈرك دۇنياسىنىڭ ۋەكىللىرى !

ھەممىڭىزلەرگە شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىڭىز نامىدىن ھۆرمەت ۋە سالاملىرىمنى تەقدىم ئېتىمەن.

بۇگۈن بىز بۇ يەردە مىللىتىمىزنىڭ ئالتۇن بۆشىگى ۋە تارىختا ئۆچمەس شانلىق ئىزلار قالدۇرغان شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى نامىدىن سىزلەر بىلەن بىرلىكتە يىغىنغا قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى چەكسىز بەختلىك ھىساپلايمەن.

مەن سىلەرگە تۈرك دۇنياسىنىڭ قانلىق يارىسى ۋە ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرمەكچىمەن.

مەن شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر تۈركمەن. ئۇيغۇر نامى بوۋىمىز ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەچچە مىڭ يىللىق تارىخ بىلەن ئۇنىشدۇ... مىنىڭ دىنىم ئىسلام، ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىمەن. ئانا ـ ئانىلىرىم بۇ دىنىنى مىڭلارچە يىللار ئىلگىرى روھى ئوزۇق ۋە ھەم بۇ دۇنيالىق ھەم ئۇ دۇنيالىق ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن قوبۇل قىلغان. مەن شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلدۇم. ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلدىم...

كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيىسىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن ئىلگىرى ۋەتىنىمىز نوپوسىنىڭ 95% نى ئۇيغۇرلار ئاساس قىلغان تۈركى خەلقلەر تەشكىل قىلاتتى. ھازىرقى كۈندە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركى خەلقلەر ئاز سانلىق ئورۇنغا چۈشۈرۈلدى. خىتاي باسقۇنچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننى خىتاينىڭ ئۆپرىقىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن

قىردى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزنى زىندانلارغا تاشلىدى، مى
ۋەتەنداشلىرىمىزنى چەتئەلگە چىقىپ كىتىشكە مەجبۇر ق
كۈندە 100 دىن ئارتۇق تۇرمە، ئەمگەك لاگىرى، ج
يۇزمىڭلارچە ۋەتەنپەرۋەر ياشلار سىستىمىلىق شەكىلدە ق
ئازاپ چەكمەكتە ۋە قىرىلماقتا...

1997 - يىلى 4 - 6 - فىۋرال كۈنلىرى قازاقىستان چ
غۇلجا شەھرىدە مەيدانغا كەلگەن قانلىق پاجىئەلەر ۋە شۇ ۋ
بەرگەن ئومومى قەتلىئام، كوممۇنىست خىتاي دۆلەت تېررورى
بىر مىسالىدۇر. كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى قول
سۇنىقى بولمىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانچە ياشاش هوقوقى، د
ئەركىنلىكلىرىنى تەلەپ قىلغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قانۇنى
تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئورنىغا فاشىستىك ئۇسۇل
قانلىق باستۇردى.شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قانۇن
جاللاتلار قان تۆكۈش يولى بىلەن جاۋاپ بەردى. قۇرالس
مەسۇم قېرىنداشلىرىمىزغا قارشى ئونمىڭلىغان قاتىل ئەس
تانكا، برونىۋىك، ئاسماندا ئىك ئۇچارلارنى ئىشقا سىلىپ، قا
سوغۇقتا سۇ چېچىش شلەنكىلىرى ۋە زەھەرلىك گازلانى ئىش
يۇزلۇك قەتلىئام يۇرگۇزدى. بۇ ۋەقەلەدرە 300 دىن ئو
ياشلىرىمىزنىڭ مۇبارەك قانلىرى غۇلجا كوچىلىرىنى بويىد
قېرىندىشىمىز يارىلاندى. لىكىن يارلانغانلارنى هۆكۈم
كۆرگەنلىكى ئۈچۈن دوختۇرخانىلاردا داۋالاش ئىمكانىيىت
پەقەت بىر غۇلجا شەھرىدىلا 5000 دىن ئارتۇق ياش قولغا
قانلىق كوممۇنىست خىتاي دۆلەت تېررورى هازىرغىچىلىك دەھ
داۋام ئەتمەكتە. 1600 نەپەر ياشنىڭ هازىرغىچىلىك ئىز - د
بولۇپ، ئۇلار ھەققىدە هىچقانداق مەلۇماتىمىز يوق... بى

ئاتوم سىناقلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارماقتا. ھەتتا چەتئەللەرنىڭ ئاتوم چىقىندىلىرىنى ئەكىلىپ كۆمۈپ تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئاتوم ئەخلەتخانىسىغا ئايلاندۇردى. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ ئاتوم قۇراللىرىنىڭ تەھدىدى يالغۇز شەرقىي تۈركىستانغىلا ئەمەس، تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوشنا مەملىكەتلەر ۋە پۈتۈن دۇنيانى كۆزدە تۇتقان دۇنياۋى تۇرتاق تەھدىتدۇر...

1. 8 چاسا كىلومېتىر يەر مەيدانى بار، 30 مىليون ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركلەر ياشايدىغان بۇ قۇتلۇق دىيار بۈگۈن كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ قانلىق زىندانىغا ئايلاندى. شەرقىي تۈركىستان، دۇنيا ئەلمىساقتىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەھشەتلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەم چېكىدىن ئاشقان شوۋىنىست، فاشىستىك ئاسسىمىلاتسىيە سىياسەتلىرىنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ سىناق مەيدانلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇلغان. شەرقىي تۈركىستان دۇنيادىكى بەزى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى مەنپەئەتلىرى، بەزى دىن تەرەپدارى مەملىكەتلەرنىڭ دىنى ئۆچمەنلىكلىرى ھەم بەزى ئىرقچى فاشىستلارنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە دۇنيا نەزىرىدىن يىراقتا قالدۇرۇلۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ زالىم، ئەڭ ۋەھشى، ئەڭ ئاچكۆز كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسى ئاتلىق « سېرىق ئەجدەرھا » غا تاشلاپ بېرىلگەن، ئاللاھتىن باشقا ئىگىسى يوق، بەختسىز ئۇنتۇلغان ئۆلكىدۇر.

1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى باشلانغان كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتىدىن كېيىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى، پۈتمەس ــ تۈگىمەس زۇلۇم ـ ئاسارەت سالغان خىتاي ھۆكۈمىتى ھالا بۈگۈنگە قەدەر ئايىغى ئۈزۈلمىگەن سىياسى ھەركەتلەرنى توختاتماي، 1996 ــ يىلى ئاپرىلدىن باشلاپ « 100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش » دېگەن 26ــ قېتىملىق چوڭ تىپتىكى جازا يۈرۈشى ئېلىپ باردى. دىنى ئۆلىمالىرىمىز، زىيالىلىرىمىزنى

ئىمزالىدى. بولۇپمۇ روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان دۆلەتلىرىنىڭ 1996 - يىلى 24 - 26 - ئاپرېلدىكى « شاڭخەي شەرتنامىسى » غا قول قويۇشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش بولغان بۇ جۇمھۇرىيەتلەردىن كېلىدىغان خەۋپ ۋە تەھدىتلەر ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى خالاس قىلىپ، بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئومۇمىي يۈزلۈك قەتلىئام يۈرگۈزىشىگە ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەزى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بۇ شەرتنامىلەرگە قول قويۇپ. بۇ قانلىق پاجىئەلەرگە شاھىت بولۇپ، تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشى، ئەلمىساقتىن بېرى دىلى بىر، تىلى بىر، دىنى بىر، جىسمى بىر بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ قەلبىدە ھېچقاچان يېشىلمەيدىغان بىر قانلىق تۈگۈن پەيدا قىلىپ قويدى ! بۇ قانلىق تۈگۈنگە كىملەر سەۋەبچى ؟ بۇ قانلىق پارلامېنت قاتىلى كىم ؟ ئاتالمىش « مىللەت مەنپەئەتى »، « دۆلەت مەنپەئەتى » دېيىلگەن تەقدىردىمۇ مۇنداق چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن بارمۇ ؟ بىز كىم ھەم سىز كىم ؟ بىز دېگەن سىز، سىز دېگەن بىز ئەمەسمىدۇق ؟ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە قازاق، قىرغىز، تاجىك ناملىق ئۆز قېرىنداشلىرىڭىزمۇ بار ئىدىغۇ ؟ شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىڭىزنىڭمۇ سىزلەرگە ئوخشاش مۇستەقىل ۋە ئەركىن ياشاش ئارزۇ - ئارمانلىرى بار. بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تۇغما ئىنسان ھەققىدۇر. ناھايەتكى، « پادا باققاندا بىر بولۇپ، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق . » ھە ؟! بىز سىزلەردىن ياردەم سورايمىز. بۇ قېرىنداش ۋە دىنداشلارنىڭ ئاللاھ تائالا ۋە بەندىلىرى ئالدىدىكى ھەققى ! ئەگەر ھۆكۈمەتلىرىڭىز ئۇنداق قىلالمىسا، بىنەردىپ تۇرسۇن. دۇنيادا يامانغا يانتاياق بولغاندىنمۇ ئارتۇق جىنايەت بارمۇ ؟ بىز سىزلەردىن ھۆكۈمەتلىرىڭىزگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ يامان يولدىن قايتىشىغا تۈرتكە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىت قىلىمىز. بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىڭىز، خىتاي زۇلمىدىن ئۆز بېشىغا كەلگەن ئۆلۈمدىن مىڭ بىر جاپا

نىشەنچىلىك مەلۇماتلارغا كۆرە، 1995 ـ يىلى ئاپرىلدىن 1997 ـ يىلى ئاۋغۇستقا قەدەر شەرقىي تۈركىستان بويىچە 560,000 ئادەم قولغا ئېلىنغان. 5000 دىن ئوشۇق زىيالى ياشلىرىمىز خىتاي زىندانلىرىدا ئازنغان ئازاپ ـ ئوقۇبەت ۋە قىيىن ـ قىستاقلار نەتىجىسىدە ئۆلتۈرۈلدى. 7000 دىن ئوشۇق ياشلىرىمىز 15 يىللىقتىن ئارتۇق ئېغىر قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. 1997 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇن كۈنىلا يالغۇز قەشقەردىن بىر كىچىدىلا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر قولغا ئېلىندى. 1997 ـ يىلىغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە پەركەنت ۋىلايىتىدىن 30 مىڭدىن ئوشۇق كىشى قولغا ئېلىندى.

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتۈن خىتاي بويىچە ئۇيغۇرلارنى دۈشمەن مىللەت دەپ رەسمىي ئىلان قىلدى. خىتاي دىكتاتورى جاڭ زېمىن رىياسەتچىلىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى سىياسى بىروسىنىڭ 1996 ـ يىل 19 ـ مارت كۈنىدىكى « شىنجاڭ ( شەرقىي تۈركىستان ) نىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش » دەپ ئاتالغان 7 ـ نومۇرلۇق ئىنتايىن مەخپىي ھۆججىتى كوممۇنىست خىتاينىڭ دۆلەت تېررورىزمىنى يوقىرى پەللىگە كۆتىرىلىشىگە يېشىل چىراق يېقىپ بەردى. بۇ مەخپىي ھۆججەتنىڭ نەتىجەللىك يېرى شۇكى، ھۆججەت شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن يوقىتىش. شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ خەلقئارالىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئالدىن شەرت قىلغاندۇر. بۇ ھۆججەت قەپەزدىن چىقىرىلىشتىن بۇرۇن خىتاي ھۆكۈمىتى مەسىلىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا سىياسى، ئىقتىسادى، ھەربى ۋە دىپلوماتىيە جەھەتلەردە بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئېلىپ باردى. شەرقىي تۈركىستانغا يۈز مىڭلاپ زامانىۋى يېڭى قوشۇنلىرىنى يۆتكىدى. كەلگۈسىدە قولغا ئېلىنىدىغان يۈز مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ قارا تىزىملىكىنى تۈرغۈزدى. خەلقئاردا بولۇپمۇ يېڭى مۇستەقىل بولغان تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن تۈرلۈك سىياسى، ئىجتىمائى ـ مەدەنى، ئىقتىسادى ۋە ھەربى چىگرا شەرتنامىلىرىنى

ئىلى سۇلتانى دۆلىتىنىڭ يىگىمى قۇرۇلغانلىقىغا، ئاجىزلىقىغا، ئەتراپىدىكى دۈشمەنلىرىنىڭ ئەھدىدىگە قارىماي، قازاق قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئاپەتنى ئۆزىنىڭ بىلىپ، چار پادىشاسىنىڭ قازاقلارنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققىدىكى ئەھدىدىگە : « قازاقلار بىزنىڭ ھەم ئىرقىي ھەم دىنىي قېرىندىشىمىز، ئۇلارنى قوغداش مەسئۇلىيىتىمىز بار، نىمە بولسا بولسۇن، ئۇلارنى چار پادىشاسىغا تاپشۇرمايمىز » دەپ كەسكىن جاۋاپ بەرگەن ئىدى. چار پادىشاسى بۇنى سەۋەپ قىلىپ، ئىلى سۇلتانلىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئىدى.

بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تارىختىن بۇيان، باشقا تۈرك قېرىنداشلىرىغا ئەنە شۇنداق كەڭ قوساقلىق بىلەن ياردەم قىلىپ، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئۆتەپ كەلگەن. قازاق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. « ئوسما كىتىپ قاش قالدۇ، سۇ كىتىپ تاش قالدۇ » دىگەندەك، ئىنشائاللاھ، بېشىمىزدا قۇتراپ ئويناۋاتقان بۇ قارا كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كىتىدۇ. ئازاتلىقنىڭ ئاجايىپ جىلۋىلىك يورۇق تاڭلىرى، كۆپ جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل، قەھرىمان مىللىتىمىزنىمۇ تىز ئارىدا قۇچاقلىغۇسى !

كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ( خەلقئارادا رەسمى سانلار بويىچە بىر مىليون ) قۇراللىق ئەسكىرى، 5. 3 مىليوندىن ئارتۇق دېھقانچىلىق ـ ئىشلەپچىقىرىش نامىدىكى كورپۇسلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى قورشاپ كونترول قىلىپ تۇرۇشى، 10 مىليونلاپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرىشى، ھەمدە بۇلارنىڭ سانىنى مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە 100 مىليونغا يەتكۈزۈش پىلانىنى قۇرۇشى شۇنىڭدەك ئاتوم پالىگونى، مۇداپىئە ئىنشائاتلىرىنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى كېڭەيتىپ ئورۇنلاشتۇرىشى ۋە ئەتراپقا تەھدىت سېلىشى پەقەتلا شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈنمۇ ؟

مىڭلارچە يىلدىن بېرى غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي ياۋرۇپانى

بىلەن قىبچىپ چىكرانىڭ ئۇ تـەرىپىدە « قازاقىستانىم، قىرغىزىستانىم ھـەم جانىغا ئارام، پاسىۋانىم بار . » دەپ ئاللاھ نامى بىلەن ئالدىڭىزغا كەلسە، سىز ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى بـاغلاپ، تـۈرك خـەلقىنىڭ يىغـى دۈشمىنـى بولغـان خىتايلارغـا ئۇتـۇپ بەرسـىڭىز، بـۇ نـى ئىنسـانچىلىق، قېرىنداشـلىق، مۇسۇلمانچىلىق كىتاۋىنىڭ قايسـى بابىغـا تـەدبىقلاپ، قـانداق ئىزاھـلاش مۇمكىن ؟!

شەرقىي تۈركىستاندىن نەچچە ئون مىڭ كىلومىتىر يىراقتىكى، بىزگـە ھېچقـانداق يىرى ئوخشىمايدىغان ئاۋىستىراليەدىكى مىھرىـۋان خـەلق، ئۆتكەن يىلى خىتاي زۇلمىدىن قېچىپ، پانالىق تىلىگەن ئىككى ئەر ـ ئايال ئۇيغۇرنى، جۇڭنەنخەيدىكى سىرىق ئەجدەرھانىڭ غەزەپلىك چىقىراشلىرىغا سـەن قىلمـاي، مەنپەئـەتلىرىنىڭ زىيانىغـا ئۇچرىشىغا قارىمـاي، ئىنسـانلىق روھـى بىلـەن ئاۋىستىراليەنىڭ ئىللىق قوينىغـا ئـالدى. ئـۇلار شـەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ئۇنجـى رىغمجـى ( پانـالىق ) ھوقوقىنـى بـەردى. باشقا بىرمۇنچە غەرپ دۆلەتلىرىدىمۇ شۇنداق قىلىۋاتـىدۇ. ياقا يۇرتـلاردا پانـالىق تىلىگەن ئۇيغۇرلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ تـۈيلىرىدىن قوغلىنىۋاتىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق ۋاپاسىزلىق بارمۇ ؟

مىللىتىمىزنىـڭ بىشـىغا كەلگـەن بـۇ ئىچىنىشـلىق پاجىئەلـەرنى كۆرىۋاتقىنىمىزدا، بۇنىڭدىـن 100 يىلدىـن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، ئىلى سۇلتانلىقى، قازاق قېرىنداشلارنىڭ ئۇلى جۇزى ۋە چار پادىشاسى ئوتتۇردا يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر ئېسىمىزغا كىلىدۇ. شۇ چـاغدا ئۇيغۇرلارنىـڭ ئىلى سـۇلتانلىقى دۆلىتـى بايانسـىز، مۇنبـەت ئىلـى ۋادىسـىدا ھاكىمىيـەت يۈرگۈزىۋاتـاتتى. ئۇنىـڭ غـەربىي تـەرىپىدە بولغـان ئۇلـى جۇزگـە چـار پادىشاسى بىسىپ كىرىپ، دەھشەتلىك باسقۇنچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزگـەن ئىدى. ئۇلى جۇزنىڭ باشلىقى ئۆز تەۋەسـىدىكى قـازاق قېرىنداشـلىرىمىزنى باشلاپ ئىلى سۇلتانلىقىغا كىلىپ، سـۇلتاندىن باشپانالىق تىلىگـەن ئىـدى.

ھىچقاچان تۈركلەرگە دوست بولغان ئەمەس ! ئۇ تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئەشەددى تارىخى دۈشمىنىدۇر. سىزلەردىن ئىلتىماسىمىز. قېرىنداش تۈرك خەلقلىرى بىرلىشىڭ ! ئىتتىپاقلىق ـ ھەممە ئىشلىرىمىزنىڭ ئاچقۇچى ھەم كاپالىتى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەق ـ ئادالەتلىك داۋاسىغا ساھىپ چىقىڭ. ئۇيغۇرلار سىزلەرنىڭ ئەڭ يېقىن قان قېرىنداشلىرىڭلاردۇر.

ھۆكۈمىتىڭىزنى، خىتاي بىلەن تۈزگەن شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت شەرتنامىلەردىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاڭ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنى ساتىدىغان شەرتنامىلەرگە قارشى تۇرۇڭ. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇنداق شەرتنامىلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خىتايلارنىڭ دىگىنىدەك ئاش دەۋرىدىن تارتىپلا خىتايلارنىڭ بىرى ئەمەس، بەلكى خىتاي كوممۇنىست ئىمپىرىيىسىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى مۇستەملىكە ئولكىدۇر. ئۇ ئەسىرلەردىن بىرى غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي ياۋروپانى قوغداپ كەلگەن جەڭگىۋار قورغاندۇر.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن مۇھىم كاپالەتتۇر، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ھازىرقىدەك كۆچۈيۈپ، ئىمپىرىيالىستىك دۆلەت دەرىجىسىگە ئېرىشەلمەيتتى. ئاتوم قۇراللىرىغىمۇ ئىگە بولالمايتتى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ھۆررىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇجادىلىسى دۇنيا خەلقلىرىنىڭ تىنچلىقى ۋە جانجان مەنپەئەتلىرىنى چىقىش ئۇقتىسى قىلىدۇكى، ھەرگىز ئۇنىڭغا قارشى ئەمەس.

مەملىكەتلىرىڭىزدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ھەر جەھەتتىن ياردەمدە بولۇڭ. بۇ مۇقەددەس داۋانىڭ خەلقئارالىششىغا ھەسسە قوشۇڭ، ئۇلار كىلەچەكتە قۇرۇلىدىغان خىتايغا قارشى سەپنىڭ ئاۋانگارتلىرىدۇر.

سىرىق ئاپەتتىن قوغداپ. ئالدىنقى سەپتە قاراۋۇل بولۇپ تۇرغان شەرقىي تۈركىستان بۈگۈن خىتاي جاللات قوشۇنلىرىنىڭ تۆمۈر تاپانلىرى ئاستىدا ئىڭراۋاتىدۇ. سىرىق ئاپەت ئاللىقاچان سەددى چىندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، غەربىي تۈركىستاننىڭ دەرۋازىسىنى يامان نىيەت بىلەن چېكىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا « كالپۇك بولمىسا، چىش توڭلايدۇ » دېگەن مەشھۇر ئاتىلار سۆزى بار. غەربىي تۈركىستاننى قوغداپ كەلگەن « كالپۇك » كەتتى. ئەمدى « چىش » توڭلايدۇ. بېيجىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش دېگەندەك سۈيقەستلىك شەرتنامىلەر بىلەن سىزلەرنى زەھەرلىك قىلتاققا چۈشۈرۈشنى ئويلاۋاتىدۇ. ئاز بولمىغان خىتايلار غەربىي تۈركىستاننىڭ يۇمشاق جايلىرىنى تېپىپ. ھەتتا ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، ئەشيان ئوتۇپ ئولتۇرۇپتۇ...

قېرىنداشلار. ئۇيغۇر خەلقى مەيلى مەملىكەت ئىچىدە بولسۇن. مەيلى چەتئەللەردىكى مۇساپىرلىق ـ سەرگەردانلىق ھاياتىدا بولسۇن. خىتاي كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىنىڭ زۇلمىنى قان يېشى تۆكۈپ شىكايەت قىلىۋاتىمىز. بىز بىر تەرەپتىن ئۆزىمىز ئۈچۈن يىغلىساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتىلا سىزلەرنىڭ بېشىڭىزغا كېلىدىغان قارا كۈنلەر ئۈچۈنمۇ كۆز ياشلىرىمىزنى ئاقتۇزماقتىمىز. بىز كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسىدىن ھەددى ھېساپسىز دەرت ـ ئەلەم كۆردۇق، بىز ئۇلارنى بەك ئوبدان بىلىمىز. بىز ئۇلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. شۇڭا بىز سىزلەردىن بەكمۇ ئەنسىرەۋاتىمىز...

بۇنىڭدىن 1266 يىل بۇرۇن ئورخۇن ئابىدىلىرىگە يېزىلغان ئەقىللىق بوۋىمىز كۈلتېكىننىڭ خىتايلار ھەققىدىكى قىممەتلىك ۋەسىيەتلىرىنى ئۇنۇتماڭ. ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىڭىزمۇ سىزلەرگە ئوخشاش ئىنسان ئىدۇق. بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن قارا قىسمەت سىزلەرنىڭ بېشىڭىزغا كەلمىسۇن. بىزنىڭ تارتقان ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرىمىز سىزلەر ئۈچۈن ئىبرەت بولسۇن. خىتايلارغا ھېچقاچان ئىشەنمەڭ! خىتاي ھۆكۈمرانلىرى

# بىرلەشمىسەك كېلەچەك ئەۋلات بىزنى كەچۈرمەيدۇ

- ئەخمەت ئاكا، ھاياتتا سەۋەپسىز، ئېھتىياجسىز مەلۇم ئىشقا قول ئۇرۇش كام ئۇچرايدىغان ھادىسە. ئېھتىمالچىمەنكى سىزنىڭ مۇھاجىرلىققا قەدەم قويۇشىڭىزغا نىمە سەۋەپ بولغان ؟ سۆھبىتىمىزنى مانا شۇنىڭدىن باشلىساق ؟

- بۇنىڭ ئۆزى بىر تارىخ. شۇلاردىن مۇھىملىرىغا توختىلىپ ئۆتەي. مەلۇمكى 1958 ــ يىلى ۋەتىنىمىزدە « سايراپ ئېچىلىش » ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇ سىياسى ھەرىكەت ۋەتەندىن كېلىپ تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان بىز ستۇدېنتلار ئارىسىدىمۇ ئېلىپ بېرىلدى. قىسقىسى مۇشۇ « سايراش » دا ھىبىبۇللا يۇنۇس، مومىن كەرىموۋلار قاتارىدا مەنمۇ « مىللەتچى » ئاتالدىم. ئىككىنچىسى، 1963 ــ يىلى روي بەردى يەنى دولقۇن ياسىن، مەن قاتارلىقلارغا خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ رەسمى ئۇختۇرۇشى بىلەن « شيۇجىڭجۇيى » ( ئەكسىل ئىنقىلاپچى ) قالپىقى كىيگۈزۈلدى.

- نىمە ئۈچۈن ؟

- بىز تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقاندا ك پ س س مەركىزى كومىتېتىغا ئوچۇق خەت يازغان. ئۇنىڭدا بىرىنچىدىن، خىتايدا 1958 ــ يىلى باشلانغان « ستىل تۈزۈنۈش » ئاقىۋىتىدە لېنىنچە مىللى سىياسەتكە پۈتۈنلەي زىت ھالدا غوللۇق زىيالىلىرىمىزنى ۋەيران قىلغانلىقى، ھازىرمۇ سوۋېتكە چىقىپ كەتكەنلەر، ئورۇق تۇغقانلىرى بار يەرلىك خەلق ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقى، بۇنداق شارائىتتا ۋەتەنگە قايتىشىنىڭ ئۆزىمىزنى ئابۇت قىلىش بىلەن بارابەرلىكىنى ئەزەردە تۇتۇپ، بىزگە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇپ قېلىشىمىزغا باش پاناھلىق بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغان. ئىككىنچىدىن، شەخسكە سىغىنىشنىڭ ئاقىۋەتلىرى پاش قىلىنىۋاتقان مۇشۇ دەۋىردە.

پۈتۈن تۈرك قېرىنداشلىرىمغا، بولۇپمۇ تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمغا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە سالاملىرىمنى يوللايمەن.

1998 ـ فېۋرال. ئادېلايدىي ـ ئاۋاستىرالىيە .

ئىنقىلاۋى ھەركەتكە ئىشتىراك قىلدىڭ، دىگەنلەر ئىدى. ھۆكۈمگە نارازىلىقىم ئىناۋەت قىلىنمىدى. ئوساۋگو كۆمۈر خېنىدا ئىشلەتتى.

1979 - يىلى خىتايدا قايتا ئەكشۈرۈش ھەركىتى باشلىنىشى بىلەن تۈرمىدە ياتقان ئالى مەلۇماتلىق كادىرلارنى بوشىتىش توغرىسىدا ئالى سوتنىڭ قارارى چىقتى. ئەزىرىمدە، بۇ كادىرلارغا بولغان غەمخورلۇق ئەمەس، « مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى » دەۋرىدە زىيالىلارغا كەلتۈرۈلگەن چوڭ ئاپەتنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا قارىتىلغان ھەركەت ئىدى. 1979 — يىلى سىنتەبىردە مەنمۇ شۇ قارار ئاساسىدا ئازاتلىققا چىقتىم. بىراق بۇ ئازاتلىق مىنى تۈرمە ھاياتىدىنمۇ ئېغىر كۆلپەتلەرگە داخىل قىلدى.

- ئىمە يەنە بىر بالاغا بولۇقتىڭىزمۇ ؟

- ئانام ۋاپات بوپتۇ، ئايالىم ئىككى بالام بىلەن تۈرمىشقا چىقىپ كىتىپتۇ. بىر ئىنىم تۈرمىدىكەن...

1980 - يىلى چەتئەلگە چىقىپ كېتىش تەرەددۇتىدا يۈرگەن ھازىرقى يولدىشىم زەكىيە خانىمغا ئۆيلەندىم. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كىيىن خىتايغا ئۆتۈپ كەتكەن كېڭەش پۇخرالىرىنىڭ ئاۋستىرالىيە، كانادا ۋە ئا ق ش غا چىقىپ كىتىشىنى ئەزەردە تۇتقان « ئاق ئورۇس » پىروگىراممىسى قوبۇل قىلىنغان ئىكەن. شۇ قارار ئاساسىدا 1976 - 1985 - يىللار ئىچىدە ئىختىيار قىلغانلار چەتكە چىقىپ كەتكەن. زەكىيە خېنىمنىڭ ئاتا — ئانىلىرى ئۇز دەۋرىدە تاتارىستاندىن كەلگەنلەر جۈملىسىدىن بولغاچقا، 1985 — يىلى بىزمۇ تۆت تىمى يوق ئوچۇق تۈرمىگە ئايلانغان ۋەتەندىن ئەركىن دۇنياغا سەپەرگە ئاتلاندۇق.

— ئاۋستىرالىيەنى ئەركىن دۇنيا دىدىڭىز. بۇ ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ ؟

- شۇنداق، ئاۋستىرالىيە دېموكراتىك، زامانىۋى، پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرىدىن ئەركىن ئاپقان ئاھايتى مەدەنىيەتلىك سىياسەت ھۆكۈم

ستالىننىڭ 20 ـــ ئەسىردىكى ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاۋى غەلىبىلىرىمىزنىڭ تاشلاپ بەرگەنلىكىنى ھېساپقا ئېلىپ، مۇستەقىللىقىمىزنىڭ قايتا تىكلىنىشىگە ياردەم سورىغان ئىدۇق.

ـ خىتتايلارغا جاۋاپ بېرىلدىمۇ ؟

ـ ھەتتى پوچتىدىن ئېۋەتسەك تاشكەنتتىن چىقماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ. سىتىپىندىيەمىزدىن چىقىرىپ دولقۇن ياسىن بىلەن مەخمۇت قاسىمنى موسكۋاغا ئەۋەتتۇق. بىراق. موسكۋادا ن. س. خىرۇشىۋنىڭ قوبۇلىغا كىرىش ئىمكانىيىتىنى تاپالماي قايتىپ كەلدى. ھەركەتتىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن خەتكە ئىمزا قويغان ئوتتۇز ئۈچ ستۇدېنىت بۇ ھەقتە ھېچكىمگە ئېيتماسلىق شەرتى بىلەن قەسەم قىلىشقان ئىدۇق. بىراق. 1962 ــ يىلقى غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن شىنجاڭ بويىچە سوۋېت شىجوڭجېلىرىغا قارشى ھەرىكەت باشلاندى. شۇ چاغدا شىنجاڭ ئونۋېرسىتىدا ئىشلەيدىغان بىر ساۋاقدىشىمىز بىزنى پاش قىلىپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ ھەممە ئىشتىن چەتلەشتۈرۈلۈپ، داۋانچىڭدىكى « غالىبىيەت » چارۋىچىلىق فېرمىسىغا نازارەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. 1967 ــ يىلى شۇ يەردە مال بېقىپ، قورا تازىلىدىم. ئاخىرى سەۋىر ـ تاقىتىم تۈگەپ، 1967 ـ يىلى فېرمىدىن قېچىپ، باشقا ئىسىم ـ فامىلە بىلەن چەت ـ ياقىلاردا مەدىكارلىق قىلىپ يۈردۈم. 1968 ـ يىلى پۇرسەت يار بەرسە سوۋېتكە ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئىجارەتنى بانا قىلىپ غۇلجىغا كەلدىم. 1969 ــ يىلى 6 ــ ئايدا قولغا چۈشۈپ قالدىم .شۇ ئاريدا « غۇلجىغا روسلار بېسىپ كىرگۈدەك » دىگەن گەپ چىقىپ، مېنى ئىككى ئايدىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە يۆتكىۋەتتى. ئون يىلغا يېقىن ھېچ بىر ھۆكۈمسىز تۈرمىدە ياتتىم. پەقەت 1978 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئون ئىككى يىللىق تۈرمە جازاسى بەردى، قويغان ئەيىۋى: 1 ــ تاشكەنتتىن موسكۋاغا يېزىلغان خەت. 2 ــ دولقۇن ياسىن بىلەن بولغان ئالاقە. 3 ــ ئەكسىل

ھەركەت قىلىپ ئاۋستىرالىيە ئىسلام جەمىيتىدىن 200 مىڭ دوللار يـ
ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. ئۇنىڭغا قوشۇمچە ۋەتەنداشلار ئىئانە قىلغـ
مىڭ دوللار ھېساۋىغا 1994 ـ بىر مەكتەپ سېتىۋېلىپ، بىرىنچى مەسـ
ئىشخانا ھەمدە تۈركىستانلىقلار مىللى مەكتىۋىنى ئېچىۋالغان . بۇ يـ
باللىرىمىز مەكتەپتىن سىرت، خالىس مۇئەللىملەر ياردىمىدە ئۇيغۇر تـ
دىنى دەرس تەلىمىنى ئېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدى ھازىر ئەرەپ ھەرىپلـ
سالام خەت يازغىدەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا شۇ يىلىنىڭ بېشـ
ئاۋستىرالىيە ئىسلام جەمىيتى بىلەن بىرلىكتە ئادېلايدې شەھرىدە ئىـ
كوللېدژى ئېچىلدى. ھازىر بۇنىڭدا 4 ـ 6 ياش ئارىلىقىدىكى 20 يـ
ئوقۇۋاتىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ ئاۋستىرالىيەدە مىللەت سۈپىتىزدە يوقـ
كېتىشىمىز مومكىن ئەمەس.

ـ ئىيتىماقچى، سىلەردىكى ۋەتەنداشلار نىمە تىرىكچىلىك قىلىدۇ ؟

ـ تىل ـ يېزىق بىلمىگەنلىكتىن ئاساسەن قۇشخانىلاردا قاساپ، ئىـ
جەمىيەتلەردە ھامماللىققا ئوخشاش ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنـ
باللىرىمىزنىڭ ئالدى ئالى مەكتەپلەرنى ئوگۇتۇپ، ئەمدىلەردىن زىيالـ
سېپىنى شەكىللەندۇرىۋاتىدۇ.

ـ ئاۋستىرالىيەلىكلەرنىڭ ئۇيغۇر مۇھاجىرلارغا بولغان مۇناسىۋ
قانداق ؟

ـ ئاھايتى سەمىمى، ئۆتكەن يىلىنىڭ 18 ـ سىنتەبىرىدە ئاۋستىرا
مۇھاجىرلىق مەھكىمىسى ئىككى ۋەتەندىشىمىزغا باش پاناھلىق بەدى
ۋەقە س ب س تېلىكانالى ئارقىلىق رەسمى ئېلان قىلىندى. يەنىلا شـ
ئۆتكەن يىلىنىڭ 1 ـ 2 ـ دىكابىر كۈنلىرى يۇقۇردىكى تېلىكانال ئارقىلـ
ياش ژورنالىست قىز ئېلزابىس ئادېج خوتەن كورلا، ئۆرۈمچىلەردە بولـ
ئېلىپ كەلگەن رەسىم، لىنتىغا چۈشۈرۈپ ئالغان كۆرۈنۈشلىرىنى جەملەپـ
چەكلەنگەن ئۆلكە » نامىدا ھۆججەتلىك كۆرستىشنى نامايىش قىلىدى. ئـ

سۈرىۋالىقان مەملىكەت ئىكەن. يەمەك ـ ئىچمەك ئەرزان، ئايلىقى يۇقىرى، تۇپىچالا تۇرۇپ تۇرىدىغان كۆچىلىرى يوق.

ـ ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئىرىكچىلىكنى نېمىدىن باشلىدىڭىز ؟

ـ ئۇمۇمەن ئىشلىمىدىم، سەۋەبى مىنىڭدە خىتاي تۈرمىسىدىن « يالداما » بولۇپ قالغان قەنت كېسەللىكى بار ئىدى. شۇنى ھېساپقا ئېلىپ ماڭا ئائىلىنى تەۋرىنىشكە يېتىدىغان پېنسىيە تەيىنلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆي ـ جاي، باشقىمۇ ئېھتىياجلىرىمىزنى قاندۇرۇشقا بانكىلار تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىپ تۇردى. ئومومەن ئاۋىستىرالىيەدە ئاچ ـ زىرەن، باش پاناھسىز ئادەم يوق. دۆلەت قىرىلار، ئاجىزلار، قارىغۇچىسى يوقلارغا ئىنسان سۈپىتىدە ياشىشىغا يېتىدىغان دەرىجىدە پېنسىيە بېرىپ تۇرىدۇ.

ـ ئاۋىستىرالىيەدە شەرقىي تۈركىستاندىن بارغان قېرىنداشلار خېلى كۆپ بولسا كېرەك ؟

ـ ئومومى جان سانىمىز 600 دىن ئاشىدۇ. ئۇيغۇرلار 250 نەپەر، قالغىنى تاتار، ئۆزبەك، قىرغىزلار، سانىمىز ياشلىرىمىزنىڭ ۋەتەنگە بېرىپ ئۆيلىنىش، تۇرمۇشقا چىقىش ھېساۋىغا كۆپىيىۋاتاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولىۋالدى.

ـ ئاۋىستىرالىيەدەك بىر چوڭ مەملىكەتكە نىسبەتەن سىلەر بەك ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدىكەنسىلەر. كېلەچەكتە پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ مىللىي ھېس — تۇيغۇلىرىدىن ئايرىلىپ، ھەتتا شۇلارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كېتىش ئېھتىمالى سىلەرنى تەشۋىشلەندۈرمەمدۇ ؟

ـ ئەمىشكە تەشۋىشلەندۈرمىسۇن. يىگىرمە يەردە باش ـ ئايغىمىزنى تېپىپ ئالغاندىن كېيىن. 1992 — يىلى تۆزدم ئولتۇراقلاشقان ئادېلايدى شەھرىدە ۋەتەنداشلارنى بىرلەشتۈرۈش، مىللەتنى ساقلاپ قېلىش، مەدەنىيەت تارىخىمىزنى ئۆزگە مىللەتلەرگە، خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە « ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمىيتى » نى قۇردۇق.بۇنىڭ پائالىيتى دائىرىسىدە

خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇم ـ سىتەم، لوپنۇردىكى ئاتوم پارتىلىتىشلىرىغا قارشى 1995 ـ يىلىدىن باشلاپ، هازىرغا قەدەر ئادېلايدې، سىدنىي ۋە ئاۋىستىرالىيەنىڭ پايتەختى كامبېررا شەھەرلىرىدە 6 قېتىم نامايىش ئۇيۇشتۇردۇق. ئىككى قېتىم خىتاي بايرىقىنى كۆيدۈردۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ، 1997 ـ يىلى 22 ـ فېۋرالدا سىدنىيدا ئۇيۇشتۇرۇلغان نامايىش بەك تەسىرلىك بولدى. تىبەتلىكلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ نامايىش كۈنى خىتاي كونسۇلخانىسىدا دىڭشياۋپىڭنى خاتىرلەش يىغىنى بولۇۋاتاتتى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە 1 ـ قېتىم سىدنىيدا مۇنداق نامايىشنىڭ بولۇشى بەك ئەھمىيەتلىك بولدى . بۇ ھەقتە چوڭ نەشرلەر، ھەتتا خىتاي گېزىتلىرىمۇ، ماقالە خەۋەرلەر ئېلان قىلدى .

ـ سۆزىڭىزگە قارىغاندا ئاۋىستىرالىيەدە تىبەتلىكلەرمۇ بار ئىكەن ؟

ـ يوق دېسىمۇ بولىدۇ. بىراق تىبەتلىكلەرنىڭ ۋاكالەتخانىسى بار. ئۇنىڭدا ئاۋىستىرالىيەلىكلەر ئىشلەيدۇ. تىبەتتىكى ۋەقەلەرگە ئالاقىدار نامايىشقا چىقىشقا توغرى كەلسە بىزنى تەكلىپ قىلىدۇ. باشقىلارنى بولسا كۈنىگە 100 ئاۋىستىرالىيە دوللىرى تۆلەش بىلەن نامايىشقا جەلپ قىلىدۇ.

ـ قالتىس ئىكەن ؟ !

ـ ھە، تىبەتلىكلەرنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ، ئومۇمەن تاشقى دۇنيادىكى بارچىمىزنىڭ ۋەتەن داۋاسى بويىچە قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز بىر تامچىدەك سىزىلىدۇ، ماڭا.

ـ ئۇلارنىڭ دەرىجىگە چىقالماسلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى نېمە دەپ ئويلايسىز ؟

ـ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، تىبەتلىكلەرگە ئوخشاش بىرلىكىمىزنىڭ، يېگانە لىدېرىمىزنىڭ يوقلىقى.

ـ بىزدە يېگانە لىدېر ۋە بىرلىك بولۇشىغا كۆزىڭىز يېتەمدۇ ؟

ـ ئالمۇتا، بىشكەكلەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ھەرخىل تەبىقە ۋە

يەنە بىزنىڭ جەمىيىتىمىزگە خەت يوللىدى. ئۇنىڭدا « مەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ سەممىي، مېھماندوست، قەھرىمان خەلق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۆرىشى مېنىڭچە چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى مېنىڭ قەلبىمدىن ئالاھىدە ئورۇن ئالدى » دېيىلگەن. بىز بۇنى ئىشتىغا يېزىپ چەتئەللەرگە تەشۋىق قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن چەتئەللىكلەرنىڭ بىزنى چۈشىنىشى ۋە ھەرقانداق ھەرىكىتىمىزگە ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن بەك مەمنۇندار.

- ئاۋستىرالىيە ھازىرمۇ مۇھاجىرلارنى قوبۇل قىلىۋاتامدۇ ؟

- ھازىر ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك ئادەملەرنى 1 — تىجارەتچى، ئىقتىسادىي يېتەرلىكلەر. 2 — دۆلەتتە پايدا كەلتۈرىشى مۇمكىن بولغان ئەقىللىق ئادەملەرنى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ.

- ئەخمەت ئاكا، گېزىتخانىلىرىمىز « يېڭى ھايات » نى كۆپىنچە بۇيان ئاز بولسىمۇ ئىلان قىلىپ كېلىۋاتقان شېئىرلىرىڭىز. ۋەتەنگە ئالاقىدار يۈرىكىڭىزنى ماقالىلىرىڭىز ئارقىلىق سىزنى خارىجدىكى ئالماس ۋەتەنپەرۋەر سۆيىدە ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدىكى ئارزۇيىنى سۆزلەپ بېغىشلىساق ؟

- يۇقىردا ئەسكەرتكىنىمدەك، 1992 — يىلى ۋەتەنداشلار بىرلىشىپ ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمىيىتىنى قۇرغاندا مېنى ئۇنىڭغا رەئىس قىلىپ سايلىغان. ھازىرغىچە شۇ جامائەتچىلىك ئاستىدىكى ۋەزىپەمنى قولۇمدىن كېلىشىچە ئورۇنلاپ كېلىۋاتىمەن. بۇ جەرياندا سىياسىي پائالىيەتنىڭ ئۈنۈمى ئىشىمىز 1994 — يىلى ئىنگلىز تىلىدا « ئاتا نيۇس » — ( ئاۋستىرالىيە تۈركىستان خەۋەرلىرى ) گېزىتىنى نەشر قىلىش بولدى. گېزىتنىڭ ۋەزىپىسى ۋەتەن داۋاسىنى دۇنياغا تونۇتۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بىراق سالامەتلىكىم يار بەرمەي، گېزىت توختاپ قالدى. ئەمدىلىكتە يەنە نەشر قىلىش نىيىتىم بار.

- دېمەك شۇ قۇرۇلتايدىن چىقىپ ئالمۇتاغا كەپسىزدە ؟

- شۇنداق، ئەسلىدە مەن ئالمۇتاغا دوستۇم دولقۇن ياسىننىڭ 60 يىللىق تويىغا قاتنىشىش نىيىتىدە سەپەرگە چىققان. بىراق قۇرۇلتاي تۆپەيلى كېچىكىپ بولسىمۇ تەبرىكلەشكە كەلدىم. بۇ مېنىڭ قازاقىستانغا قىلغان بىرىنچى سەپىرىم.

- ئالمۇتاغا قىلغان سەپىرىڭىزدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭىز ؟

- ئالمۇتا شەھەر سۈپىتىدە ماڭا ياقتى ــــ بىراق، ئايرىم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا خەلق ئىچىدە مەلۇم ۋە ئىناۋەتى بار ئادەملىرىمىزگە نىسبەتەن قارا چاپلاشلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ماڭا زادىلا ياقمىدى. ھەتتا ئاقساقال يازغۇچىمىز زىيا سەمەدى توغرىسىدا شەخسەن ئۆزەم ھەزىم قىلالمايدىغان گەپلەرنى ئاڭلىدىم. زىياكام قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بايلىقى ۋە پەخرى . ئۇ ۋە ئۇ كەبى ئادەملىرىمىزنى ھىمايە قىلىشنى، ئاسراشنى بىلىشىمىز كېرەك .

- ئەخمەت ئاكا سەل ناقولاي بولسىمۇ ئېيتىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. سىزنىڭ تەرجىمە ھالىڭىز، ئىجتىمائى پائالىيىتىڭىزدىن مەلۇم بولغىنىدەك ھاياتتا ھېچ بىر راھەت كۆرمەي ئالمىشتىن ئېشىپسىز. قىسقىسى، ئازاپ – ئوقۇبەت، مۇھاجىرلىقتا ئوقۇۋاتقان ھاياتىڭىزغا ئېچىنامسىز ؟

- مەن تەغدىرىمنى مىللىتىمنىڭ قىسمىتىدىن ئايرىپ قارالمايمەن. ۋەتەن ئازات بولمىغىچە ئۇيغۇر خەلقى بەختلىك بولالمايدۇ. مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى. مەن ئۆز ۋاقتىدا ئەقىپتە، تۈرمىدە يۈرگەن بولسام ھازىر پۈتۈن خەلقىم خىتاينىڭ قانلىق زىندانىغا ئايلانغان ۋەتىنىمىزدە ئىڭراۋاتىدۇ. مەن مانا شۇ بەختسىزلىكىم تۆپەيلى ھاياتىمنى ۋەتەن ئىستىقلالى يولىدىكى كۆرەشكە بېغىشلىغانمەن. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنىڭغا سادىق بولۇپ قالىمەن. دېمەكچىمەنكى ھاياتقا كەلگىنىمدىن ئېچىنمايمەن. چۈنكى مەن كۆرىشىۋاتىمەن...

قاراشتىكى قېرىنداشلار بىلەن مۇلاقەتتە بولدۇم. ھەممىسىدە بىرلىككە ئىنتىلىش كۈچلۈككەن. خۇدا خالىسا، ئومۇمى مەنپەئەت يولىدا ھەقىقى بىرلىشىش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ ۋە ئىدىر سايلىنىدۇ. ئەگەر بىز بىرلەشمىسەك، كىلچەك ئەۋلات بىزنى كەچۈرمەيدۇ.

- يېقىندا تەيۋەندە ۋەتەنگە ئالاقىدار بىر بايانات ئېلان قىلىنىپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. بۇنىڭدىن سىز ياخشى خەۋەردار بولسىڭىز كېرەك ؟

- ئەلۋەتتە، بۇ بايانات تەيۋەن مۇستەقىلچىلىرى، تىبەت، شەرقىي تۈركىستان، ئىچكى موڭغۇلىيە ۋەكىللىرى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستانغا ۋاكالىتەن ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەدىن كەلگەن ئەركىن ئالپتېكىن، ئەنۋەر يۈسۈپلەر ئىمزا چەككەن. باياناتنامىدا، خىتاي مۇستەملىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مىللى مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بىرلىكتە كۆرەش قىلىش [illegible]

- سىز بۇ مەملىكەتلەردە تېز - تېز بولۇپ تۇرسىڭىز كېرەك ؟

- زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا خىتاي بىلەن مۇستەقىل ھەمدۇستلۇق دۆلەتلەردىن باشقا ھەرقانداق يەرلەرگە چاقىرىق قەغىزىسىزلا چىقىپ [illegible] تۈركىيەدە ئۈچ قېتىم بولدۇم. ئاخىرقى قېتىم ئالمۇتاغا كېلىش ئالدىدا تۈرك دۆلەت ۋە جامائەتچىلىكىنىڭ « دوستلۇق، قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىق » قۇرۇلتايىغا ئاۋۇستىرالىيەدىكى « تۈركىستان » جەمئىيىتى [illegible] بولۇپ كەلدىم ۋە ئۇنىڭدا ئىشتىراك قىلدىم.

- بۇ قۇرۇلتايدا [illegible] ھەققىدە سۆز بولدىمۇ ؟

- [illegible] خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئەينى كۈنلەردە يۈرگۈزۋاتقان [illegible] ھەققىدە سۆزلىدىم. قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى قوللاش ھەققىدە مەخسۇس قارار قوبۇل قىلىندى.

# ۋاڭلوچۇەنگە رەددىيە

خىتاينىڭ « جوڭشىن شېبى » ئاگېنتلىقىنىڭ 30 ـ نويابىر كۈنى ئۈرۈمچىدىكى مۇخبىرى لى دېخۇانىڭ بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ( شەرقىي تۈركىستان ) پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى ۋاڭلۇچۇەننىڭ ئالدىنقى كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا « شىنجاڭ كېلەركى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ » دېگەن تېمىدا سۆھبەت ئېلان قىلغان. ئۇ سۆھبىتىدە 1978 ـ يىلدىن ھازىرغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە بېيجىن شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن ـــ دۆلەت تېررور سىياسىتى كونتروللۇقىدا ئېلىپ بارغان « ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش » سىياسەتلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن « شىنجاڭدا ئاسمان ـ زېمىننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكۈدەك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، كىشىلەر كۆز ئالدىغا يېڭى بىر قىياپەتتە نامايەن بولغانلىقىنى » قىن ـ قىنىغا پاتماي سۆزلەپ كەتتى.

ۋاڭلۇچۇەننىڭ سۆزىچە 17 مىليوندىن ئوشۇق ئاھالىسى بار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى قۇۋۋىتى ئېشىپ، ئۆتكەن يىلقى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 1978 ـ يىلغا قارىغاندا 6 ھەسسە ئاشقان. مالىيە كىرىمى 10 مىليارتتىن ئوشۇق بولۇپ، ئوخشاشلا يۇقىرىغا سېلىشتۇرغاندا 14.5 ھەسسە ئاشقان... شىنجاڭدا خام نېفىت مەھسۇلاتى ـــ ئۆتكەن يىلى 30. 16 مىليون توننىغا يېتىپ، تەبىئىي گاز مەھسۇلاتى 2 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشقان. 2000 ـ يىلى خام نېفىت مەھسۇلاتى 25 مىليون توننىغا يېتىشى مۇمكىن. 93 ـ يىلدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلاتى بىر سەكرەپ مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتكەن. بۇ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 12 مىليون توننىدىن ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي

ـ ئاخىرقى سوئال : گېزىتخانىمىزغا نېمىنى تىلىگەن بولار ئىدىڭىز ؟

ـ بىز « يېڭى هايات » گېزىتىنى جەمىيىتىمىزگە ئىككى نۇسخا ئالدۇرۇپ، ئۇنى كۆپەيتىپ ۋەتەنداشلىرىمىزغا تارقىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئوقۇپ كېلىۋاتىمىز. بۇ گېزىت ۋەتەنگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى يورۇتۇپ بېرىشى بىلەن بىزگە بەكمۇ قەدىرلىك.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، مۇشۇنداق ئارزۇلۇق گېزىتنى ئوقۇشنى بىلگىنى هالدا، ئەرزىمىگەن پۇلنى دەپ مۇشتىرى بولمايدىغانلارنىڭ بارلىقى مىنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇردى. مەن كېلەچەكتە ھەممىنىڭ مۇشتىرى بولۇشى، كېرەك بولسا ياردەم كۆرستىش ئارقىلىق « يېڭى هايات » نىڭ ئۇزۇن يىللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىنى تىلىگەن بولار ئىدىم. ئەڭ موھىمى، ھەممىڭلارغا سالامەتلىك تىلەيمەن.

سۆھبەتلەشكەن : ئابدۇخالىق ماخمۇت.

( قازاقىستان، ئالمۇتا « يېڭى هايات » 1998 ـ يىلى 27 ـ ئىيۇن سانى7 ـ بەت )

دېھقانلىرىغا يەنى كەمبەغەللىكنىڭ لەڭ تۆۋەن دەرىجىسىد
نان يوق، ئۈستىگە يېپىنغىلى يوتقان يوق، كەپىلەردە س
يېتىپ، قوپۇۋالغان بىچارىلەرگە ئىشلەتتىكىن ؟؟
بۇ ھەقتە ۋاڭلۇچۇەن ھېچ نىمە دېمىدى ھە
شەرمەندىلىكتە ئۈچچىغا چىققان بېيجىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ
دۇنيا بانكىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇ
دېھقانلىرىمىزنىڭ سۇ، يەر مەسىلىلىرىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى
ياردەم بەرگەن 1 مىليارد ئامرىكا دوللىرىنى ئېغىر ئ
دېھقانلىرىمىزغا بەرمەي، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چ
بىڭتۇەنگە بېرىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى قان ــ قان
لاۋگەيدۇيلەرنى، تۈرمىلەرنى قۇرۇشقا، بىڭتۇەننى قو
ئىشلەتكەنلىكى 1996 ـ يىلى ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ئاپلاج
باشلىق ئىككى ۋەتەندىشىمىزنىڭ پاش قىلىشى بىلەن دۇنيا ئ
ئالدىدا رەسۋايى جاھان بولغىنى ھېلىمۇيادىدا باردۇر ؟!
ۋاڭلۇچۇەن ئۇ ماختىغانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ
بولغان يەرلىك ئاھالىسىغا نىمە پايدىسى ؟ بىز ئۈچۈن ئ
ۋاڭلۇچۇەننى رەت قىلىمىز ھەم لەنەتلەيمىز !...
ۋاڭلۇچۇەن سۆزىدە يۇرۇن شىنجاڭدا تۆمۈر يوللار ئاز ب
قوش رېلىستىلىق تۆمۈر يوللار قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ قاتناش
قالغىنى، زامانىۋى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يوللارنىڭ
خىتاي بويىچە ئۈرۈمچى ئايرىپورتىنىڭ 5 ـ چوڭ ئايرىپورت
ئاغىزىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلىدى. بۇ تۆمۈر يول، تاش يول
قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىسبەتەن ئ
تىنىچ ـ خاتىرجەم، بىر قەدەر توق، خۇشال ـ خۇرام ياش
تۈركىستان خەلقىنىڭ قان ـ تەرى ھەم ئۇنىڭ بايلىقىغا يۇلۇ

مەھسۇلاتىدىن ئۇچتەن بىرىنى ئىگەللەيدۇ » دىدى.

راستىنلا شەرقىي تۈركىستاندا ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئەمما بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ كىملەرنىڭ پايدىسى ھەم كىملەرنىڭ زىيىنىغا ئۆزگەرگەنلىكىگە دىققەت ئاغدۇرۇش كىرەك. مەسىلىنىڭ ماھىيىتى مانا مۇشۇ يەردە. كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ مەقسىتى : شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قۇرۇق ئاپتونومىيە ۋەدە قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى بارلىقىنى تارتىۋېلىش ئىدى. 20 يىل مابەينىدە خىتاي باسقۇنچىلىرى مۇشۇ زەھەرلىك مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى يۈزدە - يۈز ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جانابى ئاللاھ مىللىتىمىزگە ئىنئام قىلغان، بەرئاستى - ئۈستى بايلىقلارغا تولغان گۈزەل تۇپرىقىمىزنى مىللىتىمىزنىڭ تارىخى دۈشمىنى بولغان نەق ۋەھشىيلەرچە ئوخشاش خىتاي باسقۇنچىلىرى تارتىۋېلىپ، ئۇ يەردە مۇستەملىكىچى — باسقۇنچىلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قان - ياش — تەرلىرى ھېساۋىغا ئۆزلىرىنىڭ جەننىتىنى قۇرغانلىقى راست ! بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمىغان خىتاي ھۆكۈمرانلىرى بۈگۈن مىللىي مەۋجۇتلىقىمىزنى يوقىتا چىقىرىش ئۈچۈن سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، دىنى ۋە مەدەنىيەت ساھەلەردە بىزنى نادان، قاششاق ھالەتتە قالدۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرىۋاتىدۇ. بىزنى مىللەت تەرىقىسىدە ئانا تۇپرىقىمىز شەرقىي تۈركىستاندىن سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت تېررورىنى يۈرگۈزىۋاتىدۇ...

قېنى بىز ۋەھشىيلەرچە ئوندىن سوراپ باقايلى، 20 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللى دارامىتى قانچىلىك ئۆسۈپ، بۇ ئۆسكەن دارامەتتىن قانچە پىرسەنتىنى يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنى - مۇئارىپ، سەھىيە، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتتىكىن؟ يۇقىردا ئېيتىلغاندەك شەرقىي تۈركىستاندىن ناھايىتى كۆپ مىقداردا نېفىت، گاز ۋە باشقا بايلىقلارنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلىمىز، شۇ بايلىقلارنىڭ قانچىلىكىنى جەنۇبىتىكى ئۇيغۇر

بىزنىڭ بىر قىسىم گۇل، ئەخمەق كادىرلىرىمىز ۋاڭ ئىنماۋنىڭ ق
يالغان ئەشۋىقاتلىرىغا ئالدىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق ئـ
ئۇلۇغ كىشىلىرىمىزگە ئۆزلىرى ئورا قازدى. لېكىن بۇ ئورىغ
چۈشتى... رەھىمسىز ھايات رىئاللىقى بۈگۈن شۇنى كۆرسەتت
پىشقەدەم ئاقساقىلىمىزنىڭ 42 يىل بۇرۇن كۆرسەتكەن بىشارەتل
يۈز توغرا بولۇپ چىقتى ..

ئەمدى بۈگۈن پۈتۈن بالايى ـ ئاپەت شەرقتىن كەلگەن ب
مەجۈجى ئاتلىق. سېرىق ئەجدەرھا ھەم ئۇنىڭ قورغا
تۇزاقلىرىدىن كىلىۋاتىدۇ...

ۋاڭلۇچۇەنىڭ ئاغزىدىن شۇلگەيلىرىنى ئېقىتىپ. ماخ
ئالەمشۇمۇل غەلبىلىرى پەقەتلا ئۆزىگە ئوخشاش مۇستەملىكچىل
قىلىدۇ. خالاس !

ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ : « بۇرۇن شىنجاڭدا رەنگـ
شەھەردىن بىرسىمۇ يوق ئىدى. مانا ھازىر ئۇرۇمچىدىك چو
ئىقتىدارغا ئىگە كاپىتال چوڭ شەھەر بارلىققا كەلگەندىن سىرت
ئۇركۈم پاكىزە ھەم چىرايلىق كىچىك شەھەرلەر تەڭرى تېغىنىڭ ـ
شىمالىغا كەڭ تارقالدى » دىدى.

راست، كىچىككىنە ئۇرۇمچىنىڭ بۈگۈن ئاسمانغا بويـ
ئىمارەتلەر بىلەن توشۇپ. شۇنچە كەڭ كەتكەن كوچىلىرىدا
كىتىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرى ئارىسىدا بىردىر « لوۋتىسى » كۆر
ۋاڭلۇچۇەنگە قانچىلىك خۇشاللىق كەلتۈرسە. بىزگە ئۇنىڭدىنمۇ كۆ
ـ قايغۇ بىغىشلايدۇ...

ئېنىقى 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىلا ئۇرۇمچىگە خىتاي كۆچمە
جۇت ئايىقى تەگمەستىن بۇرۇن بارى ـ يوق ئاھالە 00
يەتمەيتتى. بۇنىڭدىن يىرىمىدىن كۆپرەكىنى شەرقىي ئۇركـ

تۆمۈر يوللاردىن مىليونلىغان ئاچ خىتاي كۆچمەنلىرى چىقىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆز ۋەتىنىدە ئاز سانلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى هوقوقسىز 2 - ياكى 3 - دەرىجىلىك گەرەژدانلارغا ئايلاندۇردى. بۇ قوش رېلىسلىق تۆمۈر يول. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول، هاۋا يوللىرىدىن كومىونىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ پايدىلىنىپ، كۈنگە دىگەندەك نەچچە ئون مىليارد دوللارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى - يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بەرمەي، تالان - تاراج قىلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇپ كېتىپ بارىدۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىققان، ئادەم ئۆلتۈرۈپ خوردا بولۇپ كەتكەن قاتىل، بۇلاڭچى، ئوغرى، مەھبۇسلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى جاق تويغازدى....
بۇ يوللار شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بەخت كەلتۈرگىنى يوق، ئەكسىچە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق هەركەتلىرىنى باستۇرىۋاتقان « ئامى ئولۇق »، خەلق ئارمىيىسىنىڭ جاللات قوشۇنلىرىنى. ئۇلارنىڭ لەنەت تەككۈر تانكىلىرىنى ئېلىپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ قانخور قوشۇنلار. بۇ ياۋۇز تانكىلار ئارقىلىق « بارىن ئىنقىلاۋى » نى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قوزغىلاڭلىرىنى. ئۆتكەن يىلى قوزغالغان غۇلجا ئىنقىلاۋىنى قانلىق باستۇرغانلىقىنى هېچكىم ئونتۇپ قالغىنى يوق. بېيجىڭنىڭ دۆلەت تېررورى ئاستىدا ياشاۋاتقان هەر بىر تۈركىستانلىق هەر مىنۇت هەر سېكونتتا ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان بالايى ئاپەتلەرنىڭ مەنبەئەسىنى هازىر ئوبدان بىلىدۇ. 1957 - يىلى ئاپتونوم رايۇنلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 6 ئايغا سوزۇلغان « سىتىل ئۆزۈتۈش هەم يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش » هەركىتى ۋاقتىدا مىللىتىمىزنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك پەزىلىتى بىلەن ئۆنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى ئىپادىلىگەن بىزنىڭ پېشقەدەم جامائەت ئەربابىمىز، ئاجايىپ قەھرىمانىمىز هەم ئاتاغلىق يازغۇچىمىز زىيا سەمەدى جاناپلىرى « تۆمۈر يول كەلسە. شەرقىي تۈركىستانغا بالايى - ئاپەت كېلىدۇ، بۇنىڭغا هېزى بولايلى ! » دىگەندە

خىتاي باسقۇنچىلىرى بۇ غەرەزدىن مۇستەسنالا ئەمەس، بەلكى شۇ سۇيىقەستلىك پىلانىنى ئاكتىپ ئورۇنلىغۇچى ئاۋانگارتلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار « 50 يىلدا ئوتتۇرا ئاسىيانى، 100 يىلدا شەرقىي ياۋروپانى ئىشغال قىلىش » پىلانى * نى بىكارغا قەغەزدىن چىقارمىغان...

ھازىر بېيجىن شەرقىي تۈركىستانغا 2 مىليوندىن ئوشۇق دۆلەت مۇداپىئە قوشۇنلىرىنى پۈتۈن چېگرالارغا جايلاشتۇرغان بولسا، 3 مىليوندىن ئوشۇق خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بىۋاستە كونتروللىقىدىكى تولۇق قوراللانغان « ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۈەنلىرى » نى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممىلا يەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئۈچۈن پەيت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەڭ مۇھىمى 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتوم قوراللىرىنى سىناق قىلىدىغان ئاتوم پولىگونىنى قۇرۇپ، 46 قېتىملىق ھەر تۈرلۈك ئاتوم سىناقلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ سىناقلاردا 260،000 بىگۇناھ شەرقىي تۈركىستانلىقلار رادىئوئاكتىپ نۇرلىرىنىڭ قۇربانى بولدى.

ئاتوم پالىگونى شەرقىي تۈركىستان ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ۋە خاتىرجەملىكىگە تەھدىت سېلىپ، ھازىرمۇ ئىشلەپ تۇرۇپتۇ.

ۋاڭلۇچۇەننىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنلىكىنىڭ مەقسىدى، ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى قورقماستىن بازارغا سېلىپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە دۇنيا خەلقىگە ئاتوم پوپوزىسى قىلىشتۇر...

بىز يۇقۇرىدا ۋاڭلۇچۇەننىڭ ئىپتىقانلىرىدىن شۇنى كۆردۇقكى، ھەر بىر

* 1933 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئازىردىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارغا ھەملاۋھۇلايۋۇەھ لايھەنۋ ھبوۋ »مووھھھۋ ننلاۋۋە.

تەشكىل قىلاتتى. ئەمدى شۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ 95% نى ئىبخى يىقىندىلا كەلگەن كۆچمەن خىتايلار تەشكىل قىلىدۇ. ۋاڭلۇچۈەن ماختىغان ئەچچە ئون قەۋەتلىك بىنالاردا يەرلىك خەلق ئەمەس، ئىبخى ئۇنىڭغا ئىچكىرىدىن چىقىقان، شەرقىي تۈركىستاننى بۇلاپ، ئۇنىڭ خەلقىنى قۇل قىلىشنى قەستلەپ چىقىقان باسقۇنچى خىتايلار ياشاۋاتىدۇ. كوچىلاردا ماشىنىلارنىڭ كۆپلىكىگە ھەيران قالىسىز، لېكىن بۇ ماشىنىلاردا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قانلىق باستۇرۇپ، ئۇلارنى بۇلاپ ئالاۋاتقان خىتاي ھەربىي ئەمەلدارلىرى، سودىگەرلىرى، خىتاي مەمۇرلىرى ئولتۇرۇپتۇ...

ئۇيغۇرلار ۋە باشقىلارچۇ ؟ بىيجىن ۋە ۋاڭلۇچۈەنىنىڭ مىللىي ئاسسىمىلاتسىيە، مىللىي قىرغىنچىلىق ۋە دۆلەت تېرور سىياسىتى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ـ مۇئارىپتىن چەتلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى قاراڭغۇلۇق، جاھالەت، نادانلىق، قاششاقلىقتا قالدۇردى... ۋاڭ لۇچۈننىڭ ماختىنىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بەرگەن ئاپتونومىيەسى ھەم داۋاملىق ۋاقىرايدىغان تەڭلىك، بارابەرلىك، ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەيدىغان « مىللىي سىياسەت » نىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە كەلتۈرگەن بەختۇ ـ ئامىتى شۇ ...

ۋاڭلۇچۈەن سۆزىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي ھۆكۈمرانلىرى داۋاملىق تەكىتلەيدىغان « شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالاھىدە ستراتېگىيەلىك رايون » لىكەنلىكىنى ئۇنۇتمىدى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ئاسىيانىڭ قەلبىگە جايلاشقان، ھەقىقەتەن ئالاھىدە ستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇزچىلىق غەرىزى بىلەن كۆز سېلىپ كەلگەن خىتاي باسقۇنچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننى بازا قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋرۇپالارغا كېڭىيىشىنى ئۆزىنىڭ باسقۇنچىلىق سىياسىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى قىلىپ كەلگەن. بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاننى بېسىپ ياتقان

تۈركىستانغا ئەكىلىپ، باي قىلىپ بولدى...

ۋاڭلوچۇەن سوڭ خەنلىياڭ ۋاقتىدا مۇئاۋىن سېكرېتارلارنىڭ بىرى ئىدى. سوڭ خەنلىياڭ تەكلىماكاندىن چىقىۋاتقان شۇنچە نېفىت ۋە گازنىڭ شۇنچە كۆپلىكىگە قارىماي، تارىم بويىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «ئەتە ــ ئۆگۈن ئاچ قالغان بۇ ياۋايىلاردىن ھاكىمىيەتكە بىرەر قارشىلىق چىقمىسۇن» دەپ، «نېفىتنىڭ بىر قانچە پىرسەنتلىك پايدىسىنى ئۇلارغا بېرەيلى» دېدى - دە. بېيجىڭنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن نەچچە ۋاقىتتىن ۋاڭلوچۇەننىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلىۋاتقان زالىملىقىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭغا «ئاپىرىن!» ئېيتىپ تۇرغان بېيجىن. جاللات قىلىچىنى ۋاڭلوچۇەنگە ئۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئەجدەرھا بېشىغا «بېيجىڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانى» دېگەن تاجىنى كەيگۈزدى.

ۋاڭلوچۇەن تەختكە چىقىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلغان بۇ قانلىق جىنايەتلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بۇلاپ ــ تالاشتا يېڭى ــ يېڭى سېلىق ــ ئالۋاڭلارنى، ئەمىر - پەرمانلارنى چىقىرىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇ 3000 يىلغا يېقىن تارىخى بار قەشقەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيان ئاتا ــ بوۋىلىرىدىن مىراس بولۇپ كەلگەن يەرلىرىنى، جايلىرىنى ھۆكۈمەتكە پۇل تۆلەپ، سېتىۋېلىشقا زورلاۋاتىدۇ. بولمىسا ئۇ جايلاردىن مەجبۇرى ھالدا ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ. كۆچمەن خىتايلارنى ئورۇنلاشتۇرىۋاتىدۇ. سانائەت، ئېنېرگىيە، ئىگىلىك. چارۋىچىلىق. ھوقۇق. ھۆكۈمەت، پۈتۈن ئىدارىلەر خىتايلارنىڭ تۇتالىتارىستانلىق كوممۇنىست دىكتاتورلىقىغا مەركەزلىشىپ بولدى. ئۇيغۇرلارنى ئەڭ كەمبەغەل چەت رايونلارغا قىستاپ، ئۇلارنى ئۆز ۋەتەنلىرىدە چەتتىن كەلگەن ھوقۇقسىز مۇساپىرلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

شەخس. گورۇھ. مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسىدى ھەم ھساپ كىتاۋى بار. ۋاڭلۇچۇەنىنىڭ ھساپ - كىتاۋى نەق بىيجىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى ۋە جانجان مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ھېچقاچان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى مەنپەئەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ۋە قىلغان ئەمەس. كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلۇم ئىسكەنجىسى شەرقىي تۈركىستانغا يەتكەن كۈنىدىن باشلاپ. بىيجىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تارىخى دۈشمىنى ھساۋىدا كۆرۈپ. قىلىچىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان. ۋاڭ. جاڭ. سۇڭ ۋە باشقا تۈرلۈك ئاملاردىكى كاللا كېسەر جاللاتلىرىنى ئەۋەتتى. ئۇلار ئاملىرى گەرچە ھەرخىل بولسىمۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئانا - بوۋىلىرىدىن مىراسى بوپ قالغان، پەقەت بۇرۇنقىلاردىن پەرقى قىزىل بولغان خىتاي كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىنىڭ چىكىدىن ئاشقان. چوڭ خىتايچىلىق. سوتسىيال جاھانگىرلىك سىياسىتى ئاساس قىلغان ئاسسىملاتسىيون. ئىرقى قىرغىنچىلىق سىياسىتى بۇرۇنقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپرەك يۈرگۈزۈۋاتىدۇ !

ئامى يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ۋاڭلۇچۇەن ئىسىملىك بۇ جاللات. بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن شەرقىي تۈركىستانغا 4000 كىلومىتىردىن ئۇزاقلىقتا بولغان خىتاينىڭ شەرقىيدىكى ئەڭ يىراق سەندۇڭ دىگەن ئۆلكىسىدىن بايلىق ۋە ئەمەلدارلىق ئاماسى. ئاچلىقى بىلەن كەلگەن ئىدى. ئۇ سەندۇڭ ۋە باشقا يەرلەردە شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئىشلەپ يانچۇقى تولمىغان ۋاڭلۇچۇەن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدىلا كۆپ ئۆتمەي يانچۇقلىرى لەمەس. ساندۇقلىرىمۇ تولدى.... سەندۇڭ. شىنجاڭ.. قاتارلىق يەرلەردە ئەچچىلىگەن مىھمانخانا. كۈنتۈبىلىش ئورۇنلىرى قۇردى. باللىرى قانچىلاپ شىركەتلەرنى قۇرۇپ. زېمىنغا سىغماي. ئۇ ئۆلكىدىن بۇ ئۆلكىگە. چەتئەللەرگە قاتىراپ يۈرۈپتۇ. ئورۇق - تۇغقان. يەتمىش پۇشتىنى شەرقىي

هۆكۈمەت مەجبۇرى يوسۇندا ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا پەقەتلا خىتاي سودىگەرلىرى، فابرىكىچىلىرى ئۈچۈن پاختا ئىرىشقا زورلاۋاتىدۇ... ئىقتسادى زىرالەتلەرنى ئىرىشنى بىگىتۇۋەن ۋە خىتايلارغا بەردى. ئۇيغۇرلار كۈندۈلۈك تۇرمۇشى ئۈچۈن كۆكتات ئىرىسىمۇ يول قويماي، جەرىمانە قويىۋاتىدۇ. چەتتىن كەلگەن خىتاي كۆچمەنلىرىگە ئىش بار. لېكىن يەرلىك مىللەتلەرگە ئىش يوق. ئىشسىزلىق ھەممە يەرنى قاپلاپ تۇرۇپتۇ.

بېيجىن كۆرستىپ بەرگەن ئاسسىملاتسىيون ھەم ئىرقى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى يۇرگۈزۇشتە ۋەتلۇچۇەن خىتايدىكى پۈتۈن ئۆلكىلەرنىڭ « ئالدىدا »، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مالارىپ، مەدەمىيەت، سەنئەت ئىشلىرى ئۈجۈقتۇرىلىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنىمىز بېيجىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قاتتىق تەقىبىدا قالدى؛ مەسچىتلەر تاقالدى، دىنى پائالىيەتلىرىمىز توختىدى، ناماز ئوقۇغانلارنى جازالاۋاتىدۇ...

ۋەتلۇچۇەن 96 ـ يىلى باھاردا شەرقىي تۈركىستاندا باشلانغان خىتاينىڭ « 100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش ھەركىتى » گە قارشى 65،000 كىشىلىك خەلق قوزغىلاڭلىرىنى، 1997 ـ يىلى فېۋرالدا يۈز بەرگەن غۇلجا ۋەقەسىنى قانلىق باستۇرغان، بۇ يىل ئەتىيازدا غۇلجا ناھىيەلىرىدە « كىسەلنى ئالدىن ئىلىپ ئوكۇلنى قويىمىز » دەپ يۈزلەپ گۇناھسىز بوۋاق ـ باللىرىمىزنى زەھەرلىك ئوكۇللاردا نابۇت قىلغان، يۈزمىڭلاپ بوۋاقلىرىمىزنى، ئوكۇل، ئوپىراتسىيە يوللىرى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئونمىڭلىغان تۇغۇتلۇق ئانىلىرىمىزنى كاردىن چىقارغان، ئونمىڭلاپ ياش ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزنى قاراڭغۇ زىندانلاردا ئازاپلاپ، مىڭلىغان ياش زىيالىلىرىمىزنى ئىزسىز يوقاتقان، مىڭلاپ ياشلىرىمىزنى قانۇنسىز ئۆلۈملەرگە مەھكۇم قىلغان، قان ئىچەر جاللاتلارنىڭ بىرسى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋەتلۇچۇەنگە ئوخشاش قەبىھ جاللاتلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. ئۇلاردىن چوقۇم بىر ـ بىرلەپ ھساپ ئىلىنىدۇ.

ۋاقلۇچۇەن سۆھبىتىنىڭ ئاخىرىدا ئىنتايىن كۆرەڭلىگەن ھالدا : «
شىنجاڭدا كىيىنكى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 يىلىدا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا
يېڭى بىر مەنزىرە نامايەن بولىدۇ » دېدى. ئىنشائاللاھ، تارىخ ۋە دەۋرىمىز
ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرگە باي، تارىختا نى - نى سۇلالىلەر، نى ـ نى خانلار
ئۆتمىدىمۇ ؟ ئۇنۇڭغۇنلا دۇنياغا ياتماي، قۇتراپ تۇرغان سوۋېت ئىمپېرىيىسى
كىشىلەرنىڭ ئەقلى پەرەزلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ رىئاللىقىنى قوبۇل قىلىشى ـ
قىلماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئۆز خارابىسىدا ئوندىن ئوشۇق مىللىي
دۆلەتلەرنىڭ تۇغۇلىشىغا زېمىن بەردى. بۈگۈنكى كوممۇنىست خىتاي
ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەتىكى قارا تەقدىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . « ئوسما
كىتىدۇ قاش قالىدۇ، سۇ كىتىدۇ تاش قالىدۇ » دەپ سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنىڭ
يېقىنقى قارا، قانلىق تارىخىدا تالاي ياڭ، جىڭ، شىڭ، ۋاڭ، جاڭلار ئۆتكەن
ئىدى، « زالىمنىڭ زاۋالى ئۆز قىلمىشى بىلەن »، ۋاڭ ئۇچۇەندەك
زەھەرخەندە ئەخلەتلەرمۇ ئۆتىدۇ ـ كىتىدۇ. ئىنشائاللاھ، شۇنداق كۈنلەر
كىلىدۇكى، بۇ ياۋايى ھايۋاندەك قۇترىغان ۋاڭلۇچۇەندەك بىيجىڭنىڭ
شەرقىي تۈركىستاندىكى جاللاتلىرى ئەنەت تاختىسىغا مىخلىنىپ، تارىخ
ئالدىدا ئۆزىنىڭ قانلىق جىنايى قىلمىشلىرىدىن ھېساپ بىرىدۇ. ئاقۋاش
ئەگرىنىڭ ئىككى قاسىنغىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ غەلبە ـ تەنتەنە
سادالىرى قاپلايدۇ...

1998 - يىلى دىكابىر. ئادېلايدىي - ئاۋستىرالىيە .

Baskı, Cilt:
Bayrak Mat. Ltd. Şti.
Tel./Fax.: (0212) 638 40 88 - 638 42 02
İstanbul, Mayıs 2000